چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# دوزاق

گ. د. موپاسسان [فرانسىيە]



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# دونداق

گ. د. موپاسسان [فرانسىيە]

تەرجىمە قىلغۇچى: غۇپۇر ھوشۇر نىيازى



## 图书在版编目（CIP）数据

羊脂球/(法)莫泊桑著；于行之改编；吾甫尔·吾守尔尼亚孜译.—乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社，2006.5

ISBN 7-80658-921-X

Ⅰ.羊... Ⅱ.①莫... ②于... ③吾... Ⅲ.短篇小说—作品集—法国—近代—缩写本—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I565.44

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第037210号

بۇ كىتاب جۇڭگو بالىلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 2000 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.


چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

**دونداق**

---

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك
شىركىتىدە بەت ياسالدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
فورماتى: 787 × 970mm 1/ 32؛ باسما تاۋىقى: 7.25
ISBN 7 – 80658 – 921 – X

---

باھاسى: 7. 50 يۈەن

本书根据中国少年儿童出版社 2000 年 12 月第 1 版第 1 次印刷版本翻译出版。

责任编辑: 穆巴拉克·阿帕尔

美术编辑: 阿扎提·巴拉提
叶尔江·铁流

责任校对: 海来提·阿比提
艾比布拉·艾力

审　　订: 亚森·吾不力哈斯木
吐尔洪江·苏里坦

世界经典文学作品赏析

**羊脂球** (维文)

吾甫尔·吾守尔尼亚孜 译

---

新疆美术摄影出版社出版
新疆新华书店发行
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司制版
新疆新华印刷厂印刷
2006 年 5 月第 1 版　2006 年 5 月第 1 次印刷
开本: 787×970 毫米　1/32　印张: 7.25
ISBN 7-80658-921-X

---

定价: 7.50 元
如遇质量问题请与新疆美术摄影出版社出版科联系
电话: 0991-4521461

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

گ. د. موپاسسان (1850—1893)، 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى فرانسىيىلىك مەشھۇر تەنقىدىي رېئالىزملىق يازغۇچى. ئۇ ئۆمرىدە 350 تىن كۆپرەك پوۋېست، ھېكايە، ئالتە رومان ۋە ئۈچ ساياھەت خاتىرىسى يازغان. موپاسساننىڭ ھېكايە ئىجادىيىتى جەھەتتىكى بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ، «دۇنيا ھېكايىچىلىقىنىڭ پىرى» دېگەن نامغا ئىگە.

موپاسسان 1850 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نورماندىيىدىكى ۋەيران بولغان بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى يېزىدا ئۆتكەن. ئانىسى مەرتىۋىلىك، باي ئائىلىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئەدەبىي جەھەتتە ياخشى تەربىيە كۆرگەنىدى، تاغىسى شائىر ھەم يازغۇچى ئىدى. شۇڭلاشقا،موپاسسان كىچىكىدىن باشلاپلا ئەدەبىي جەھەتتىن پىششىپ يېتىلگەن. 13 يېشىدا ئىفې موناستىرىنىڭ شۆبە مەكتىپىدە ئوقۇغان، جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن تەقىپلەيدىغان دىنىي قائىدىلەرنى مەسخىرە قىلىپ شېئىر يازغانلىقى ئۈچۈن مەكتەپتىن ھەيدەلگەن، كېيىن لىئون ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇپ، مەشھۇر شائىر لويى بوييىنىڭ يېتەكلىشى

بىلەن كۆپ خىل ژانىردىكى يېزىقچىلىقنى باشلىۋېتىدۇ. 1870 ـ يىلى موپاسسان پارىژغا بېرىپ قانۇن ئۆگىنىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشى پارتلاپ، موپاسسان چاقىرىققا بىنائەن ھەربىي سەپكە قاتنىشىدۇ. بۇ ئۇرۇشنىڭ گەرچە ۋاقتى قىسقا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىراتلارنى قالدۇرىدۇ. ئۇ كېيىن يازغان خېلى كۆپ ھېكايىلىرىدە پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشىنى تېما قىلىدۇ. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، موپاسسان پارىژدا ئولتۇراقلىشىپ قالىدۇ. 1872 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىقى ۋە مائارىپ مىنىستىرلىقىدا ئاددىي خىزمەتچى بولۇپ، نەچچە ئون يىل ئىشلەيدۇ. بۇ بىر مەزگىللىك سەرگۈزەشتە ئۇنى ئاددىي خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ۋە روھىي دۇنياسى ھەققىدە چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە قىلىپ، كېيىنكى ھېكايە ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم باش تېمىسىغا ئايلىنىدۇ. ئۇ مۇشۇ مەزگىلدە ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مەشھۇر يازغۇچى فلوبېر موپاساننىڭ تاغىسى ۋە ئانىسىنىڭ ياخشى دوستى ئىدى. 1873 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن موپاسسان فلوبېرنىڭ تەربىيىلىشىگە ئېرىشىدۇ ۋە زولا، دېبىرو، گۇڭگۇرت، تۇرگېنېف قاتارلىق مەشھۇر يازغۇچىلار بىلەن تونۇشىدۇ. فلوبېرنىڭ قاتتىق

تەلەپ قويۇشى ۋە كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى موپاسساننىڭ مۇنەۋۋەر سەنئەتكار بولۇپ يېتىلىشىدىكى مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

موپاسسان 70 ـ يىللاردىن ئېتىبارەن كېسەل ئازابى تارتىدۇ، كېسەللىك بىلەن قەيسەرانە ئېلىشىش جەريانىدا، يەنىلا يېزىقچىلىقنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىدۇ. 1893 ـ يىلى نېرۋا كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدا 43 يېشىدا كېسەللىك تۈپەيلىدىن ۋاپات بولىدۇ.

موپاسساننىڭ ھېكايە، پوۋېستلىرىنىڭ ئۈچىنچى جۇمھۇرىيەت دەۋرىدىكى فرانسىيە كاپىتالىستىك جەمئىيىتىنى پاش قىلىشى كۆپ تەرەپلىمە بولۇپ، ئاساسلىقى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈكىنى تەنقىدلەش ۋە ئوتتۇرا ـ ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ پەسكەش روھىي دۇنياسىنى مەسخىرە قىلىشتىن ئىبارەت. «دونداق» (1880 ـ يىل)، «مىراس» (1884 ـ يىل)، «مارجان» (1884 ـ يىل)، «ئوردېن قولغا كەلدى» (1883 ـ يىل) قاتارلىقلار كىشىگە ھوزۇر بەخش ئېتىدىغان مەشھۇر ئەسەرلەردۇر. بۇلاردىن باشقا، 1870 ـ يىلىدىكى پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، فرانسىيىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى ۋە كۈرەش روھىنى مەدھىيىلەيدىغان بىر گۇرۇپپا ھېكايىلىرى، مەسىلەن، «مىلون بوۋاي» (1883 ـ يىل)، «ئىككى دوست» (1883 ـ يىل)، «مۇتتە-

ھەم موماي» (1884 ـ يىل)، «ئـەسـىـر» (1884 ـ يىل)، «فىيفى خېنىم» (1882 ـ يىل) لار كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلارلىق، سەممىي ۋە تەسىرلىك يېزىلغان. موپاسساننىڭ رومانلىرى ئىچىدە «ھايات» (1883 ـ يىل) ۋە «چىرايلىق دوست» (1885 ـ يىل) ئەڭ نادىر ئەسەر. لەردۇر. «چىرايلىق دوست» تا، چېكىدىن ئاشقان شەخ. سىيەتچى تروئانىڭ پەسكەشلىك بىلەن، شەرمەندىلەرچە ئۇستاتلىق ئىشلىتىپ يۇقىرىغا ياماشقانلىقى ھەققىدى. كى ھېكايە ئارقىلىق، بۇرژۇئازىيىنىڭ يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتىدىكى چىرىكلىك، قاراڭغۇلۇقنى چوڭقۇر پاش قىلىدۇ ۋە كۈچلۈك سۆكىدۇ.

موپاسسان ئەسەرلىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى فرانسىيىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقىنى بىرقەدەر كەڭ ھەمدە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۇرۇپ، بۇرژۇئا يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتىنىڭ چىرىكلىكىنى، بولۇپمۇ ئەخلاق، ئۆرپ ـ ئادەتلەر جەھەتتىكى رەزىللىكىنى رە. ھىمسىزلەرچە ئېچىپ تاشلايدۇ ۋە مەسخىرە قىلىدۇ، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى «ئاددىي كىشىلەرگە» ھېسداشلىق قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى مەدھىيىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئاساسىي جەھەتتىن رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىن ئىبارەت، بىراق، ناتۇرالىزم تە. سىرىنىمۇ قوبۇل قىلغان بولغاچقا، كاپىتالىزم رېئال. لىقىغا قارىتىلغان تەنقىد مەلۇم دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ

قالغان. بەزى ئەسەرلىرىدە رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشكە بولغان ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى ئاشكارىلىنىپ قالغان، يەنە بەزى ئەسەرلىرى مىستىتسىزم (سىرلىقلاشتۇرمىچىلىق) تۈسىگە ئىگە بولۇپ قالغان. بىراق، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، موپاسسان ھېكايىلىرى مەيلى ئىدىيىۋىلىك جەھەتتىن بولسۇن ياكى بەدىئىيلىك جەھەتتىن بولسۇن، بىرقەدەر يۇكسەك پەللىگە يەتكەن.

# مۇندەرىجە


دونداق ........................................ 1

مارجان ........................................ 64

بىر ئائىلە كىشىلىرى ........................ 81

مىراس ........................................ 118

ئەسلىي ئەسەر ئۇستىدە تەھلىل ............. 194

## دونداق

بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، شەھەر كوچىلىرىدىن مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەن فرانسىيە قوشۇنلىرى ئۆتمەكتە. ئۇلار قوشۇن ئەمەس، گويا قالايمىقان قوزغۇنلار توپىدەك پىتىراپ كەتكەن ئەسكەرلەر ئىدى. پاسكىنا ساقال ـ بۇرۇتلىرى چاڭگىللىشىپ كەتكەن، كىيىملىرى يىرتىلغان بۇ ئەسكەرلەر سەپمۇ تۈزمەي، تارقاق، بايراقسىز هالدا سالپىيىشىپ كېتىۋاتاتتى. ھەممىسىنىڭ روھى چۈشكۈن، ھەممىسىگە قاتتىق ھارغىنلىق يەتكەن، ئۇلاردا ئۇمىد ـ ئىشەنچتىن قىلچە ئەسەر كۆرۈنمەيتتى. پەقەت يول مېڭىپ ئادەتلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقاندەك، توختاپ قالسىلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

پرۇسسىيە ئەسكەرلىرى رۇئانغا مانا كىرىدۇ، ئەنە كىرىدۇ، دېيىلىۋاتقان چاغ ئىدى.

ئاخىرقى بىر تۈركۈم فرانسۇز ئەسكەرلىرى سېنا دەرياسىدىن ئۆتتى، ئۇمىدى ئۈزۈلگەن بىر گېنېرال ھەممىنىڭ كەينىدە كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى تۇگىشىپ ماجالىدىن كەتكەنىدى؛ غەلىبىلىك جەڭ قىلىشقا

ئادەتلىنىپ قالغان بۇ مىللەتنىڭ مۇنچىۋالا چوڭ ۋەي-رانچىلىققا ئۇچرىشى گېنېراللىنى ساراسىمىگە سېلىپ قويغانىدى.

مانا شۇنىڭدىن كېيىن، شەھەرنى تىمتاسلىق قاپ-لاپ، ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئۈنسىز كۈتۈش باشلاندى. ئو-قەت قىلىپ خۇدىنى يوقاتقان، قورساق سالغان شەھەر ئاھالىلىرى زىخ ۋە پىچاقلىرىنىڭمۇ دۈشمەن تەرىپىدىن قورال دەپ قارىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ جازالىنىشىدىن قور-قۇپ، بەزگەكتەك تىترىگەن هالدا ئەنسىزلىك ئىچىدە غالىبلارنى كۈتمەكتە ئىدى.

شەھەردە گويا هايات توختىغانىدى؛ دۇكانلار تاقال-غان، كوچىلاردا جىمجىتلىق هۆكۈم سۈرەتتى. بەزىدە بىرەر يولۇچى تام ياقىلاپ ئالدىراپ - تېنەپ ئۆتۈپ قا-لاتتى. كېيىن بىرىپ بۇنداق ئەنسىزلىك ئىچىدە كۈتۈش كىشىلەرنى «دۈشمەن كەلسە پاتراق كەلسىكەن» دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويدى.

فرانسىيە ئەسكەرلىرى كېتىپ ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، سېنت - كاتادىن تېغىنىڭ يان باغرىدا كېلە-ۋاتقان بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ قارىسى كۆرۈندى. دارنىتال ۋە بوئاگيامغا تۇتىشىدىغان تاشيولدىمۇ ئىككى توپ تا-جاۋۇزچى قوشۇن پەيدا بولدى. بۇ ئۈچ قوشۇننىڭ ئالدىن يۈرەر ئەترەتلىرى كېلىشىۋالغاندەكلا شەھەرلىك هۆكۈ-مەت ئالدىدىكى مەيداندا ئۇچراشتى. ئەتراپتىكى كوچى-لاردىنمۇ نېمىس ئەسكەرلىرى سەپ تارتىپ، قاتتىق ۋە

تەكشى قەدەم تاشلاپ ئۆتۈشكە باشلىدى. قارىماققا ھاياتلىق ئۆچكەندەك كۆرۈنىدىغان ئۆيلەرنى بويلاپ، ناتونۇش، بوغۇق ئاۋازدا ۋارقىرىغان كوماندا ئاۋازلىرى ياڭراشقا باشلىدى؛ شۇ تاپتا «ئۇرۇش قانۇنى» غا ئاساسەن، مۇشۇ شەھەرگە، مال ـ دۇنياغا ۋە ھاياتقا خوجايىن بولغان بۇ غالىبلارغا يېپىقلىق دېرىزىلەرنىڭ كەينىدە نۇرغۇن كۆزلەر قاراپ تۇراتتى. توپ ـ توپ ئەسكەرلەر ئۇياقتىن ئىشىكلەرنى قاقاتتى ـ دە، بۇياقتىن كىرىپ ئورۇنلىشاتتى. بۇ دۈشمەن بېسىپ كىرگەندىن كېيىنكى ئىشغالىيەت ھەرىكىتى ھېسابلىناتتى. مانا شۇنىڭدىن تارتىپ غالىبلارغا ياۋاش ـ يۇمشاق بولۇپ ئىتائەت قىلىش مەغلۇپلارنىڭ مەجبۇرىيىتى بولۇپ قالاتتى.

بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن، ئىلگىرىكى ئەنسىزلىك تۈگەپ، يەنە يېڭىچە بىر خىل جىمجىتلىق باشلاندى.

خېلى كۆپ ئائىلىلەردە پرۇسسىيە ئوفىتسېرلىرى شۇ ئائىلىدىكى ئەر ـ ئايال، ياش ـ قېرىلار بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يەيدىغان بولدى. بۇ ئوفىتسېرلار تەربىيە كۆرگەچكە، تولىمۇ قائىدە ـ يوسۇنلۇق ئىدى. ھەممىشە دېگۈدەك فرانسىيىگە ھېسداشلىق قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئادەمگەرچىلىكى دەرۋەقە ئۆي ئىگىلىرىنى تەسىرلەندۈرەتتى. كىم بىلىدۇ، بىر كۈنلەردە

ئۇلارنىڭ قوغدىشىغا موھتاج بولۇپ قالامدۇ — تېخى! ئۇلارغا ئانچە - مۇنچە خۇشامەت قىلىپ قويسا، كەم دې- گەندە بىرنەچچە ئەسكەرنى بېقىشتىن قۇتۇلۇپ قالغىلى بولاتتى. چۈنكى ھەممە نەرسە شۇلارنىڭ ئىختىيارىدا، ئۇلارنىڭ چىشىغا تېگىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟

شەھەر ئاستا - ئاستا نورمال ھالەتكە كېلىشكە باشلىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ھاۋادىن نېمىلىكىنى بى- لىپ بولمايدىغان، كىشى چىداپ تۇرالمايدىغان قانداقتۇر بىر يات پۇراق — تاجاۋۇزچىلىق پۇرىقى كېلەتتى.

شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بۇ شەھەرنى ياناداپ ئاققان دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا قاراپ يۈرگەندە، شەھەردىن سەككىز - ئون كىلومېتىرچە يىراقلىقتىكى كېمىچى ۋە بېلىقچىلار پات - پات دېگۈدەك دەريادىن چانىۋېتىل- گەن، چەيلەپ ئۆلتۈرۈلگەن، تاش بىلەن بېشى يانجىلغان ياكى كۆۋرۈكتىن سۇغا ئىتتىرىۋېتىلگەن پرۇسسىيە- لىكلەرنىڭ كۆپۈپ كەتكەن، ھەربىي فورما كىيگەن جەسەتلىرىنى سۈزۈۋالاتتى. كىشىلەرگە نامەلۇم بۇ قەھ- رىمانلىق، ئۇشتۇمتۇت زەربە كۈندۈزدىكى جەڭلەردىن خەۋپلىكرەك بولسىمۇ، لېكىن شان - شەرەپ ۋە نام - ئاتاقتىن مەھرۇم ئىدى. شۇنى بىلىش كېرەككى، چەت ئەللىكلەرگە بولغان نەپرەت ئۆز غايىسى ئۈچۈن قۇربان بېرىشكە ھەرقاچان تەييار تۇرغان بىر قىسىم باتۇرلارنى ئەبەدىي ئىلھاملاندۇرىدۇ.

كېيىنكى ۋاقىتتا تاجاۋۇزچىلار گەرچە پۈتۈن شەھەرنى ئۆزلىرىنىڭ قاتتىق ئىنتىزامىغا بويسۇندۇرغان بولسىمۇ، ئۇلار غەلىبىسىنى ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىدۇ. ۋاقتاندا قىلىدىغان ھېلىقىدەك ۋەھشىيلىكلىرىنىڭ بەرەرىنىمۇ قىلىشمىغانىدى؛ شۇڭلاشقا ئاھالىلەردە بارا ــ بارا جۈرئەت تۇغۇلۇشقا باشلىدى؛ يەرلىك چوڭ ــ چوڭ سودىگەرلەرنىڭ كۆڭلىدە سودا ــ سېتىق ھەۋىسى يەنە قوزغالدى. بۇلاردىن بىرنەچچىسىنىڭ ھېلىغىچە فرانسۇز ئەسكەرلىرىنىڭ قولىدا تۇرۇۋاتقان ھافور پورتىدا نۇرغۇن سەرمايىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئاۋۋال قۇرۇقلۇق بىلەن دېڭىزغا، ئاندىن ئۇ يەردىن كېمە بىلەن ھافور پورتىغا بېرىۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشۈشتى.

ئۇلار بىرنەچچە تونۇش نېمىس ئوفىتسېرىنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن قوماندانلىق شتابىدىن يول خېتى ئېلىۋالدى. ئون كىشى تۆت ئاتلىق كىرا ھارۋىسىنى ئۇقۇشتى ۋە كىشىلەرنىڭ سۆز ــ چۆچەك قىلىشىدىن قېچىپ، سەيشەنبە كۈنى تاڭ ئاتماستىنلا يولغا چىقماقچى بولۇشتى.

تاڭ سەھەر سائەت تۆت يېرىملاردا يولۇچىلار ھارۋا تەييار قىلىنغان جاي ــ «نورماند مېھمانخانىسى» نىڭ ھويلىسىغا يىغىلىشتى. بۇ چاغدا ئۇيقۇدىكى يولۇچىلار قاتمۇقات قېلىن قىشلىق كىيىملەرنى كىيىۋېلىشقان بولسىمۇ، سوغۇقتىن توڭلاپ تىترەيتتى، قاراڭغۇدا

بىر ـ بىرىنى ئېنىق كۆرەلمەيتتى. بۇ كىشىلەر شۇ تۇرقىدا ئۇزۇن تونلۇق سىمىز پوپلارغا ئوخشاپ قالغاـ نىدى. شۇنداقتىمۇ، ئىككى ئەر بىر ـ بىرىنى تونۇپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ يېنىغا ئۇچىنچىسىمۇ كەلدى ۋە پاراڭغا چۈشتى.

پانار كۆتۈرگەن هارۋىكەش پەيدا بولدى، ئۇ ئېغىلـ دىن چىققۇسى كەلمەيۋاتقان ئۆلەرمەن بىر ئاتنى يېتىلەپ چىقتى ـ دە، هارۋا يېنىغا ئېلىپ كېلىپ باغلاپ قويدى. ئۇ ئاتنىڭ ئەتراپىدا بىرهازا ئايلانغاندىن كېيىن، ئاتنى هارۋىغا قاتتى. ئۇ ئىككىنچى ئاتنى ئېلىپ چىقـ قىلى كېتىۋېتىپ، قاردا ئۇستىۋېشى ئاپئاق بولۇپ كەتـ كەن، قىمىر قىلماي تۇرغان يولۇچىلارنى كۆرۈپ قالدى.

—نېمىشقا هارۋىغا چىقىپ ئولتۇرۇۋالمىدىڭلار؟— دېدى ئۇ—هېچبولمىغاندا قاردىن دالدا بولىدىغۇ!

دېمىسىمۇ هارۋىغا چىقىۋېلىش ئۇلارنىڭ خىيالىغا كىرمىگەنىدى، بۇ گەپتىن كېيىن هەممەيلەن تەڭلا ئالدىراپ ـ تېنەپ هارۋىغا چىقىشتى. هېلىقى ئۈچ ئەر خوتۇنلىرىنى هارۋىنىڭ تۆرىگە ئولتۇرغۇزغاندىن كېـ يىن، ئۆزلىرىمۇ چىقىشتى. بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئېـ نىق كۆرگىلى بولمايدىغان بىرنەچچە قارا كۆلەڭگىمۇ هارۋىغا چىقىپ، بوش ئورۇنلاردا ئولتۇرۇشتى. شۇنىڭـ غىچە هېچكىم بىر ـ بىرى بىلەن گەپلەشمىدى. هارۋىنىڭ

ئىچىگە شال پاخىلى يېيىتىلغان بولۇپ، ئاياغ چۆكۈپ كېتەتتى. ھارۋىنىڭ تۆرىدە ئولتۇرغان خېنىملار كۆمۈر قالىنىدىغان سەندەللىرىنى ئالغاچ كېلىشكەنىدى. ئۇلار دەرھال كۆمۈرگە ئوت تۇتاشتۇردى.


ئاخىرقى ھېسابتا ھارۋا تەييار قىلىندى. ھارۋا مىڭ بىر تەسلىكتە ناھايىتى ئاستا كېتىۋاتاتتى، بەزىدە چاق-لىرى قارغا پېتىپ قالاتتى، ھارۋا نالە قىلىۋاتقاندەك غىچىرلاپ، كىشىنىڭ ئىچىنى پۇشۇراتتى. تاڭنىڭ سۇ-زۇلگىنىنى ھېچكىممۇ سەزمەي قالدى. ئاققۇ پېيىدەك قارمۇ لەرزان يېغىشتىن توختاپ قالغانىدى. ئاسماندىكى بۇلۇتلار ئاستىدىن خىرە نۇر تارالدى. تاڭ سەھەر پەي-تىدىكى بۇ كۆڭۈلسىز يورۇقلۇق يولۇچىلارنى بىر-بىرىگە سەپسېلىپ قارىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ھارۋىنىڭ تۆرىدىكى ئەڭ ياخشى جايدا كۆۋرۈك كوچىسىدىكى ئۈزۈم ھارىقىنى توپ ساتىدىغان ۋولېر ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى روبىرو ئولتۇرۇشۇپ مۈگداش-مەكتە ئىدى. ئۇنىڭ قىلىدىغان سودىسى ئەڭ ناچار ئۈ-زۈم ھارىقىنى ئەڭ ئەرزان باھادا يېزىلاردىكى ئۇششاق سېتىقچىلارغا توپ سېتىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا، دوستلىرى ۋە تونۇش-بىلىشلىرى ئۇنى ھىيلىسى تولا مەككار سودىگەر دېيىشەتتى. ۋولېر ئەپەندىنىڭ نام چىقىرىشىدا يەنە باشقا سەۋەبلەرمۇ بار ئىدى: ئۇ چاقچاق-

ھەزىلگە ئامراق بولۇپ، مەيلى زەھەرخەندىلەرچە چاقچاق بولسۇن، مەيلى سىپايىلەرچە چاقچاق بولسۇن، ئىلغىماس-تىن چاقچاق قىلىۋېرەتتى، شۇڭلاشقا، ھەرقانداق كىشى ئۇنى تىلغا ئالغاندا: «ۋولېر پۇلغىمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدىغان گۆھەر» دەپ قويااتتى. ئۇ پاكىنەك بولۇپ، پومزەكتەك قورسىقى ئالدىغا سىلىنىپ تۇراتتى، ئىككى مۇرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىزىل يۇزلۇك، كۇل رەڭ ساقاللىق باش ئورنىتىپ قويۇلغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ خوتۇنى بولسا ئېگىز بويلۇق، قاۋۇل كەلگەن، ئىرادىلىك ئايال بولۇپ، گەپ قىلسا ئاۋازىنى قويۇۋېتەتتى. كاللىسى ئالاھىدە تېز ئىشلەيتتى.

ئۇلارنىڭ يېنىدا تېخىمۇ يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ بولغان كاررى لامادان ئەپەندى سۇرلۇك قىياپەتتە ئول-تۇراتتى. توتىنچى دەرىجىلىك پەخرىي ئۇنۋانغا ئېرىش-كەن، ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولمىش بۇ كىشى ئۈچ فابرىكىنىڭ خوجايىنى ئىدى. كاررى لامادان خانىم ئېرىدىن خېلى كىچىك ئىدى، روئاندا تۇرۇشلۇق ئو-فىتسېرلار دائىم دېگۇدەك ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىناتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئېرىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ، هارۋىنىڭ غېرى-بانە كۆرۈنۈشىگە غەمكىن نەزەر تاشلايتتى.

ئۇنىڭ يېنىدا گراف يۇبېردى بېرىۋىلى ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ جەمەتى نورماند ئۆلكە-سىدىكى ئەڭ كونا ۋە ئەڭ ئېتىبارلىق جەمەتلەردىن



ئىدى. گراف سالاپەتلىك پېشقەدەم مۆتىۋەرلەردىن بولۇپ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى بېزەكلەپ، ئۆزىنى پادىشاھ ھېنرىخ IV كە ئوخشىتىپ كۆرسىتىشكە بەكمۇ ئىرىدشاتتى. ئۇنىڭ ئاجايىپ شەرەپلىك ئائىلە رىسالىسىدىن قارىغاندا، پادىشاھ بېرىۋېلى جەمەتىدىكى بىر خانىمنى ھامىلىدار قىلىپ قويۇپتىكەن، شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئىنىسى گرافلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپتىكەن ۋە ئۆلكە باشلىقلىقىغا تەيىنلەپتىكەن. يۇبېردىنىڭ نانتىلىق بىر كىچىك كېمىچىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىشى باشقىلار ئۇچۇن بىر تېپىشماق بولۇپ قالغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ گراف خانىمنىڭ نازاكەتلىك قىلىقلىرى، مېھماندوستلۇقى ھەممىنى بېسىپ چۈشەتتى. يۇبېردى بېرىۋېلىنىڭ مۈلكى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھەر يىلى بەش يۈز مىڭ فرانك دارامەت كەلتۈرىدىكەن.

يۇقىرىدىكى ئالتەيلەن جەمئىيەتتىكى باي، تۇرمۇشى خاتىرجەم، تەسىر كۈچى بار، نوپۇزلۇق، دىنىي تەرىقەتلەرگە سادىق مەرتىۋىلىكلەردىن بولۇپ، ھارۋىدىكى ئاساسلىق يولۇچىلاردىن ھېسابلىناتتى.


ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئۈچ ئايالغا كەلسەك، گراف خانىمنىڭ يېنىدىكى ئىككى موناخ ئايال ئۇزۇن تەسۋىنى سىيرىپ، پىچىرلاپ دۇرۇت ئوقۇپ ئولتۇراتتى. موناخ ئاياللارنىڭ ئۇدۇلىدا بىر ئەر بىلەن بىر ئايال ئولتۇراتتى. ئەر بارلىق مۆتىۋەرلەر ئۆچىرىشىشتىن

ئەيمىنىدىغان «دېموكراتچى» لەقەملىك كورنېيودې ئىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن، سارغۇچ بومبا ساقىلى يىگىرمە يىلدىن بۇيان دېموكراتلار تۇسىنى ئالغان قەھۋەخانىلاردا ئۆزى ئىچكەن پىۋىغا تەڭ شېرىك بولۇپ كەلگەنىدى. ئۇ ئەينى يىللاردا قەنت ـ گېزەك سودىگىرى بولغان ئاتىسىدىن مىراس قالغان خېلى كۆپ مال ـ دۇنيانى ئىنىلىرى ۋە دوستلىرى بىلەن پاك ـ پاكىز قۇرۇتۇۋەتكەنىدى.

ھېلىقى ئايال بولسا پاھىشە ئىدى. ئۇ ۋاقىتسىزلا سەمرىپ ـ تىقىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «دونداق» دېگەن لەقەم سىڭىپ قالغانىدى. ئۇ پاكار، دوغىلاق كەلگەن بولۇپ، سېمىزلىكىدىن قۇيرۇق ياغدەك لىغىلداپ تۇراتتى.

دىقماق بارماقلىرىمۇ ناھايىتى گۆشلۈك ئىدى. يۇزلىرى قىپقىزىل ئالمىغا ئوخشايتتى، سايە تاشلاپ تۇرغان ئۆسكىلەڭ، قويۇق كىرپىكلىرى، چىرايلىق، يوغان قارا كۆزلىرى، ئويماقتەك ئاغزى، سەدەپتەك چىشلىرى، سۆيۈشكە تەييار تۇرغان نەملەنگەن لەۋلىرى كىشىلەرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغاپ، چىشىنى بىلەشكە سەۋەبچى بولاتتى.

كۆپچىلىك ئۇنى تونۇپ قالغاندىن كېيىن، ئابرۇيپەرەس خوتۇنلار ئارىسىدا كۇسۇرلىشىشلار باشلاندى. «بۇزۇق»، «چۇپرەندە» دېگەندەك گەپلەر شۇنچە شىۋىرلاپ



ئىپتىلىسىمۇ ئاڭلىنىپ قالدى. دونداق ئىختىيارسىز بېشىنى كۆتۈردى ۋە ھەمراھلىرىغا غەزەپ بىلەن شۇنداق ھومىيىپ نەزەر تاشلىدىكى، ئۇنىڭغا قاراپ ھىجىيىپ ئولتۇرغان ۋولېر ئەپەندىدىن باشقا ھەممەيلەننىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ، باشلىرى تۆۋەن سىيلىندى.

لېكىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، ھېلىقى ئۈچ خانىم يەنە پاراڭغا چۈشتى، ھارۋىدا پاھىشە ئايالنىڭ بولۇشى كۆتۈلمىگەن يەردە ئۇلارنى سىرداش دوستلاردىن قىلىپ قويدى. ئىپپەت ـ نومۇسنى ساتقان بۇ شەرمەندە ئالدىدا، ئۇلار خۇددى ئاياللارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى بىر يەرگە جەم قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. چۈنكى، قانۇنىي مۇھەببەت ھامان قانۇنسىز ئەركىن مۇھەببەتنى كۆرەلمەيدۇ ـ دە!

مۇتەئەسسىپلىك تۇيغۇسى يېقىنلاشتۇرغان ئۈچ ئەر كورنىيودېنىڭ ئالدىدا كەمبەغەللەرنى مەنسىتمەيدىغان تەلەپپۇزدا پۇل ھەققىدە پاراڭغا چۈشتى. بۇ ئۈچ ئەر بىر ـ بىرىگە دوستانە نەزەر تاشلىشاتتى. ئۇلار جەمئىيەتتە تۇتقان ئورۇنلىرىنىڭ پەرقلىق بولۇشىغا قارىماي، پۇلنىڭ كۈچى بىلەن قېرىنداشلاردەك بولۇپ كېتىشكەندى.

ھارۋا شۇنداق ئاستا ماڭدىكى، سائەت ئونلارغىچە ئون سەككىز كىلومېتىر يول يۈرەلمىدى. ھەرقايسىسى يول بويىدا بىرەر مەيخانا كۆرۈنەمدىكىن، دەپ دىققەت بىلەن

ئالدىغا قاراپ قوياتتى. شۇ ئەسنادا هارۋا قارغا پېتىپ قالدى، ئۇنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن ئىككى سائەت ئاۋارە بولۇشتى.

ھەممەيلەننىڭ قورساقلىرى ئېچىپ تارتىشىپ، كۆڭلى ئاينىپ، باشلىرى غوڭۇلداشقا باشلىدى. ھالبۇكى، يولدا بىرەر ئاشخانا ياكى بىرەر مەيخانا كۆرۈنمەيتتى. چۈنكى پرۇسسىيە ئارمىيىسى يېقىنلاشقانسېرى، ئېچىرقاپ كەتكەن فرانسىيە قوشۇنلىرى بۇ يەردىن ئۆتۈۋېرىپ، ئېلىپ ـ ساتارلارنى چۆچۈتۈپ قويغانىدى. شۇڭا، ھەممىلا دۇكان ئېتىك ئىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت بىرلەردە ۋولېر ئەپەندى قورسىقىنىڭ پىژىلداپ ئېچىۋاتقانلىقىنى يوشۇرمايلا ئېيتتى. ئەمەلىيەتتە باشقىلارمۇ ئۇنىڭدىن بەتتەر قىينىلىۋاتاتتى. ئەۋج ئېلىۋاتقان ئاچلىق ئازابىدىن كىشىلەرنىڭ پاراڭلاشقۇدەك ماغدۇرىمۇ قالمىغانىدى. دونداق يوپكىسى ئاستىدىن نېمىنىدۇر ئاختۇرغاندەك بولۇپ بىرنەچچە قېتىم ئېگىشتى، ھەر قېتىم ئېگىشكەندە يېنىدىكىلەرگە دومسىيىپ قاراپ قوياتتى ـ دە، ھېچ ئىش بولمىغاندەك يەنە قامىتىنى رۇسلىۋالاتتى.

—— پىشۇرۇلغان ساندىن بىرى بولسا، مىڭ فرانك بېرەتتىم، —— دېدى ۋولېر ئەپەندى.

—— راستىنى ئېيتسام، مەنمۇ بىئارام بولۇۋاتىمەن، —— دېدى گراف، —— ئوزۇق ئېلىۋېلىش قانداقمۇ

خىيالىمغا كەلمەي قالدىكىن ـ ھە!؟

ئۇزۇق ئېلىۋالمىغانلىقى ئۈچۈن ھەركىم ئىچىدە ئۆزىگە كايىيتتى. موناخ ئايالالارنىڭ پىچىرلاپ ئوقۇۋاتقان دۇرۇتلىرىنى توختىتىپ، قوللىرىنى كەڭرى يەڭلىرىگە تىقىپ، باشلىرىغا چۈشكەن بۇ قىسمەتنى پەرۋەردىگارنىڭ ئىلتىپاتى دەپ شۈكۈر قىلغانلىقىنى دېمەيلا قويايلى.

سائەت ئۈچلەردە ئۇلار بىرەر كەنتتىن ئەسەرمۇ بولمىغان بىپايان تۈزلەڭلىككە چىققاندا، دونداق ئال-مان ـ تالمان ئېڭىشىپ، ئۇزۇن ئورۇندۇقنىڭ ئاستىدىن ئاق داستىخان يېپىلغان چوڭ سېۋەتنى ئالدى. دونداق ئۇنىڭ ئىچىدىن ئاۋۋال چىنە ـ تەخسە بىلەن كۈمۈش ئىستاكاننى ئالدى، ئاندىن ئىككى چوجە پارچىلاپ سې-لىنغان كورىنى ئالدى. كۆپچىلىك سېۋەتتە نۇرغۇن بە-لەن نەرسىلەرنىڭ — گۆش قىيامى دەمسىز، مېۋە ـ چېۋە دەمسىز، قەن ـ گېزەك دەمسىز — ئەيتاۋۇر بىرمۇنچە نا-زۇنېمەتلەرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇ — ئۈچ كۈنلۈك سەپەرگە يەتكۈدەك يېمەكلىك ئىدى. ئوراقلىق يېمەك-لىكلەرنىڭ ئارىسىدىن تۆت بوتۇلكىنىڭ بوينىمۇ چى-قىپ تۇراتتى. دونداق توخۇنىڭ قانىتىنى ئېلىپ، بول-كىغا قوشۇپ مەززە قىلىپ يېيىشكە باشلىدى.

ھەممە كۆزلەر دونداققا تىكىلدى. دىماغنى يارغۇدەك مەززىلىك پۇراق تارقىلىش بىلەن ھەممەيلەننىڭ ئاغزىغا

سىرىق سۇ كېلىپ، ياغاقلىرى زىخمىلداپ ئاغرىشقا باشلىدى. خانىملارنىڭ بۇ پاھىشە ئايالغا بولغان نەپرىتى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرىۋەتكۈدەك ۋە سېۋەت ـ تاياملىرى بىلەن قوشۇپ هارۋىدىن قارغا چۆرۈپ تاشلىۋەتكۈدەك بولۇشتى.

ۋولىېر ئەپەندىنىڭ كۆزلىرى چۈجە سېلىنغان كو-رىغا قادىلىپ تۇراتتى.

— ئەقلى ـ هوشى جايىدا دېگەن شۇ ـ دە! بۇ خانىم بىزگە قارىغاندا خېلى ئەتراپلىق ئويلاپتۇ، — دېدى ئۇ.

دونداق بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى ۋە:

— ئېغىز تېگىپ باقامسىز، ئەپەندىم؟ دېمىسىمۇ كۈن بويى ئاچ ئولتۇرۇپ چىدىغىلى بولمايدۇغۇ، — دېدى.

ۋولىېر بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ:

— راستىنى ئېيتسام، ياق دېيەلمەيمەن، بىرنى بىر، ئىككىنى ئىككى دېيىش كېرەك، شۇنداق ئەمەسمۇ خا-نىم؟ — دېدى. ئۇ ئەتراپتىكىلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىق-قاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مۇشۇنداق چاغلاردا ھەممەتلىك كىشىلەر بىلەن ئۈچرىشىپ قال-ساڭ نەقەدەر خۇشاللىنىسەن ـ ھە!

ۋولىېر شىمىنى پاسكىنا قىلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، يېنىدىن گېزىت چىقىرىپ يايدى. دائىم يانچۇقىدىن ئايرىلمايدىغان قەلەمتىراچىنىڭ ئۇچى بىلەن چۈجىنىڭ پاقالچىقىنى ئىلىۋالدى ۋە ئۇنى شۇنداق ھۇزۇر قىلىپ

يېپىشكە باشلىدىكى، ھارۋىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىغىر خورسىنىپ كېتىشتى.

شۇ چاغدا دونداق كەمتەرلىك ۋە مۇلايىملىق بىلەن ئاق كۆڭۈل موناخ ئايالالارنىمۇ مەزەگە تەكلىپ قىلدى. ئۇلار شۇ ھامان پىچىرلاپ مىننەتدارلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن، بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي تېز ـ تېز يېيىشكە كىرىشتى. كورنىيودېمۇ دونداقنىڭ تەكلىپىگە تۈزۈت قىلىپ ئولتۇرمىدى. ئۇ موناخ ئايالالار بىلەن بىرلىكتە تىزلىرىغا گېزىت يېيىپ شىرەدەك جاي راسلىدى. ئېغىزلار تىنماي ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى. ئىشتىھا بىلەن چايناش، يالماپ يۇتۇش تولىمۇ تېز بولۇۋاتاتتى. ۋولىېر ئەپەندى بۇرجەكتە ئولتۇرۇۋېلىپ ھە دەپ ماچىلدىتىپ يەيتتى ۋە شىۋىرلاپ، خوتۇنىنىمۇ شۇنداق قىلىشقا دەۋەت قىلاتتى. خوتۇنى خېلى ۋاقىتقىچە ئۈندىمىدى. كېيىن يۈرىكى ئىغىپ، بەدىنى تىترەپ كېتىدۋاتقانلىقىنى سېزىپ تاماق يېيىشكە كۆندى.

گراف بىرىۋىلى ۋە كاررى لامادان ئەر ـ خوتۇنلاردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى نىمەتلەرگە ئىغىز تەگدى. يېمەكلىكلەرنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئۇلارنى نەپەسمۇ ئالغۇزمايۋاتاتتى. توساتتىن فابرىكانتنىڭ ياش خوتۇنى شۇنداق ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى ـ دە، بېشى ساڭگىلاپ ھوشىدىن كەتتى. ھەممەيلەن نېمە قىلارنى بىلمەي،

پاتىپاراق بولۇپ كېتىشتى. بۇ چاغدا ئاق كۆڭۈل قىرى موناخ ئايال كېسەلنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ، دونداقنىڭ قەدەھىنى ئۇنىڭ لەۋلىرىگە ئاستاغىنا تەگكۈزۈپ، بىر-نەچچە تامچە ئۈزۈم هارىقى ئىچكۈزدى. هېلىقى چىراي-لىق خانىم ئاستا قىمىرلاپ كۆزىنى ئاچتى، ئۇنىڭ يۈ-زىدە تەبەسسۇم پەيدا بولدى. موناخ ئايال ئۇنى يەنە هو-شىدىن كېتىپ قالمىسۇن دەپ، تولدۇرۇلغان بىر قەدەھ ئۈزۈم هارىقىنى زورمۇزور ئىچكۈزۈۋەتتى.

شۇ چاغدا دونداق هۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى، ئىنتا-يىن ئوڭايسىزلانغان هالدا هېلىقى تۆت نەپەر ئاچ قور-ساق هەمراهىغا قارىدى ۋە دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:

— ۋاي خۇدايىمەي، ئازار يەپ قالارمەنمىكىن دېمە-گەن بولسام، بۇ ئىككى ئەپەندىمنى ۋە ئىككى خانىمنى-مۇ...... — دېدى. ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرالمىدى، يەنە بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە ۋە بىكاردىن - بىكار ئاهانەتكە قېلىشتىن قورقاتتى. مەسىلىنى يەنىلا گراف بىر ياق-لىق قىلدى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغان سېمىز جۇۋانغا ئۆرۈلۈپ قاراپ، پېشقەدەم مۆتىۋەرلەرچە كىبىر بىلەن:

— ئوبدان، كۆڭلىڭىزنى قوبۇل قىلدۇق، قېنى خانىم، — دېدى.

بىرىنچى قەدەمنى ئېلىش ناهايىتى تەس بولىدۇ، بىرىنچى ئۆتكەلدىن ئۆتتۈۋالغاندىن كېيىن، هېچكىم



تارتىنىپ ئولتۇرمىدى. بىر سېۋەت يېمەكلىك پۇتۇنلەي يېيىلىپ بولدى. ئەسلىدە ئۇ سېۋەتنىڭ ئىچىدە يەنە مۇزلىتىلغان غاز جىگىرى، سامسا، بىر پارچە سۇرلەنگەن كالا تىلى، كىراسان نەشپۈتى، خىرىستىئان كۆۋرۈكى بازىرىدا ئىشلەنگەن تاتلىق بولكا، پىچىنە، ئاچچىقسۇغا چىلانغان تەرخەمەك ۋە سامساق بار ئىدى. دونداقمۇ باشقا ئاياللارغا ئوخشاش ئاچچىق ـ چۈچۈك نەرسىلەرگە ئامراق ئىدى.

بۇ جۇۋاننىڭ نېمەتلىرىنى يەپ تۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمەسلىك مۇمكىنمۇ! ئاستا ـ ئاستا پاراڭ باشلاندى. قائىدە ـ يوسۇننى پىششىق بىلىدىغان بىرىۋىلى خانىم بىلەن كاررى ـ لامادان خانىم دونداققا قانداق قىلىپ سىلىق ـ سىپايىلىك ۋە سالاپەتلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى بىلەتتى. خۇسۇسەن بىرىۋىلى خانىم ئۆزىنى، ئىپسىزادە خوتۇنلار ھەرقانداق ئادەم بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا شەنىگە داغ چۈشۈرمەيدۇ، ئىنتايىن مۇلايىم كېلىدۇ دېگەندەك قىلىپ دونداققا ئالاھىدە يېقىنچىلىقىنى كۆرسەتتى، لېكىن ژاندارما تەبىئەتلىك ۋولىير خانىم ئىلگىرىكىدەكلا، ھېچكىم دەخلى ـ تەرۈز قىلالمايدىغاندەك، ئاز گەپ قىلىپ، كۆپ يەيتتى.

ئون كىشى بىر سېۋەت نېمەتنى ھەش ـ پەش دېگۈچە قۇرۇقداپ قويدى. ئۇلار سېۋەتنىڭ تېخىمۇ چوڭراق بولمىغانلىقىدىن قاتتىق ئەپسۇسلاندى. سېۋەت بو-

شىغاندىن كېيىن، پارالڭ سەل پەسكارىغا چۈشكەن بول-
سىمۇ، خېلى ۋاقىتلارغىچە داۋام قىلدى.

ئاستا ـ ئاستا قاراڭغۇ چۈشتى، دونداق سېمىز بول-
سىمۇ، يەنىلا توڭلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بېرىۋېلى
خانىم سەندىلىنى ئۆنىڭغا ئىسسىنىۋېلىشقا بېرىۋىدى،
دونداق دەرھال ئالدى، چۈنكى ئۆنىڭ پۈتى مۇزلاپ كەت-
كەنىدى. كاررى لامادان خانىم ۋە ۋولېر خانىممۇ سەن-
دەللىرىنى موناخ ئايالللارغا بېرىشتى.

يىراقتا يۈلتۈزدەك جىمىرلىغان چىراغلار كۆرۈندى،
ئۇ توتى ئىدى. ئۇلار توپتوغرا ئون ئىككى سائەت يول
ماڭدى. ھارۋا بازارغا كىرىپ، «سودا مېھمانخانىسى»
نىڭ ئالدىدا توختىدى.

ھارۋىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. تونۇش ئاۋازدىن
ھەممە يولۇچىلار ئىختىيارسىز چۆچۈپ كېتىشتى. ئۇلار
قىلىچ غىلىپىنىڭ يەرگە سۆرىلىۋاتقانلىقىنىمۇ تۇيدى.
كىمدۇر بىرى يۇقىرى ئاۋازدا نېمىسچىلاپ بىرنېمىلەر-
نى كولدۇرلىدى. شۇ ئەسنادا ھارۋىكەش پەيدا بولدى. ئۇ
قولىدىكى پانارنى ھارۋىنىڭ ئىچىگە تۇتتى. پانار ئىككى
قاتاردىكى ئۆڭكى ئۆچكەن يۈزلەرنى، ھاڭقىيىپ ئېچىلىپ
قالغان ئېغىزلارنى، چەكچىيىپ پارقىراپ تۇرغان قور-
قۇنچ ئىچىدىكى كۆزلەرنى يورۇتتى. ھارۋىكەشنىڭ قې-
شىدا، ئېگىز، زىلۋا بويلۇق، سېرىق چاچلىق، بەدىنى
ھەربىي كىيىمگە تىقىلىپ قالغان بىر نېمىس ئو-



فىتسىرى تۇراتتى. ئۇ ئالساسلىقلاردەك فرانسۇزچە سۆزلەپ، يولۇچىلارنى پەسكە چۈشۈشكە بۇيرۇدى. ئۇنىڭ سۆزى تۇزۇتسىز ئىدى:

— ئەپەندىلەر، خانىملار، ئولتۇرۇۋېرەمسىلەر؟

ئالدى بىلەن ئىنتايىن ئىتائەتمەن موناخ ئاياللار بۇيرۇققا بويسۇنۇپ هارۋىدىن چۈشتى. گراف بىلەن گراف خانىممۇ چۈشتى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن فابرىكانت بىلەن خوتۇنى، ئاندىن دارازا خوتۇنىنى سۆرەشتۈرۈپ ۋولېر ئەپەندىمۇ چۈشتى، ئۇنىڭ پۇتى يەرگە تېگە — تەگمەيلا، ئوفىتسېرغا:

— ياخشىمۇسىز! ئەپەندىم! — دېدى.

بۇنى ئەدەپ يۈزىسىدىن شۇنداق قىلدى دېگەندىن كۆرە، ئېهتىيات ئۈچۈن شۇنداق قىلدى، دېگەن تۇزۇك ئىدى. ئۇ ۋولېرغا پەرۋاسىزلىق بىلەن قاراپ قويدى.

دونداق بىلەن كورنېيودې پەگادا ئولتۇرغان بولسىمۇ، هەممىدىن كېيىن چۈشتى. ئۇلار دۈشمەن ئالدىدا كەسكىن ۋە مەغرۇرلۇقىنى ئىپادىلىدى. بۇ سېمىز جۇۋان ئۆزىنى زورغا تۇتۇۋېلىپ، ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشاتتى؛ دېموكرات بولسا ئەسەبىيلىشىپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن هە دەپ ئۇزۇن سارغۇچ ساقىلىنى تۇتاملايتتى. بۇ ئىككىيلەن بۇنداق سورۇنلاردا هەربىرىنىڭ ئازدۇر — كۆپتۇر بولسىمۇ ئۆز ۋەتىنىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى ياخشى بىلگەچكە، ئۆزلىرىنىڭ

قەدىر ـ قىممىتىنى ساقلاشقا تىرىشاتتى. باشقا ھەمراھ-لىرىنىڭ ئىتائەتكارلىقى بۇ ئىككىيلەننىڭ نەپرىتىنى قوز-غىماقتا ئىدى. دونداق ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان خوتۇنلارغا قارىغاندا ئۆزىنى مەغرۇر تۇتۇشقا ھەرىكەت قىلاتتى. كورنېيودې بولسا باشقىلارغا نەمۇنە بولۇش لا-زىملىقىنى ئويلايتتى.

ئۇلار مېھمانخانىنىڭ ئازادە ئاشخانىسىغا كىرىشتى. ھېلىقى نېمىس ئوفىتسېرى يولۇچىلاردىن باش شتاب بەرگەن يول خېتىنى سورىدى. يول خېتىگە يولۇچىلار-نىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، قىياپىتى، كەسپى ناھايىتى ئوچۇق يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئوفىتسېر بىرمۇ-بىر سېلىشتۇرۇپ، خېلى بىرھازاغىچە سەپسېلىپ قاراپ چىقتى ـ دە، توساتتىن «بولدى» دەپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

شۇ چاغدىلا ھەممەيلەن ئەركىن نەپەس ئالدى. قور-ساقلىرىنىڭ ئاچقانلىقى يادىغا كېلىپ، كەچلىك تاماق بۇيرۇشتى.

ئاخىر ئۇلار تاماق يېيىشكە ئولتۇرغاندا، ئەسلىدە پاھىشىخانىنىڭ خوجايىنى بولغان، كېيىن بۇ كەسىپنى ئۆزگەرتكەن، بوغۇزىدا بەلغەم غىژىلداپ پۇشتەك چېلىپ، خورتۇلداپ تۇرىدىغان فلانئۇى ئىسىملىك سېمىز سارايۋەن

كىرىپ كەلدى.

— قايسىڭلار ئېلزابېت روسسە خېنىم بولىسىلەر؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

دونداق ئىختىيارسىز چۆچۈپ كەتتى - دە، ئۆرۈلۈپ قارىدى ۋە:

— مانا، مەن بولىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

— خېنىم، پرۇسسىيە ئوفىتسېرى سىز بىلەن سۆھبەتلەشمەكچى.

— مەن بىلەن؟

دونداق دەسلەپ بىرئاز ئوڭايسىزلاندى، لېكىن بىر- پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، قەتئىي تۈردە:

— ئېھتىمال، مەن بىلەن كۆرۈشمەكچىدۇ، بارمايمەن، — دېدى.

ئەتراپتىكىلەر پاتىپاراق بولۇپ كېتىشتى. بۇنىڭ سەۋەبىنى تاپماقچى بولۇشۇپ مۇھاكىمىگە چۈشتى. گراف دونداقنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— بۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ خانىم، بىراقلا رەت قىلىۋەتسىڭىز، نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەرنى كەلتۈرۈپ بېرىشىڭىز مۇمكىن، بۇ ئۆزىڭىزگىلا پايدىسىز بولۇپ قالماستىن، باشقا ھەمراھلىرىڭىزغىمۇ پايدىسىز. ئۆزىڭىزدىن كۈچلۈك ئادەملەرگە مەڭگۈ قارشىلىق كۆرسەتمەسلىكىمىز كېرەك، — دېدى.

باشقىلارمۇ گرافنىڭ گېپىگە قوشۇلدى. ئۇلار دونداقنى ھەم يېلىنىپ، ھەم ئۇنى سۆيلەپ، ھەم ئۇنىڭغا چوڭ قائىدىلەرنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دونداقنىڭ يېنىكلىك قىلىشىنىڭ ئاقىۋىتىدە ئاۋارىچىلىك چىقىشتىن ئەنسىرەيتتى. ئۇلار ئاخىر ئۇنى قايىل قىلدى.

— بوپتۇ، سىلەرنى دەپ بارسام باراي، — دېدى ئۇ.

— بىز سىزدىن ئىنتايىن مىننەتدارمىز! — دېيىشتى كۆپچىلىك تۇشمۇتۇشتىن.

دونداق چىقىپ كەتتى، باشقىلار تاماق يېمەي، ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشتى. ھەركىم ئىچىدە ئوفتىسېرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇزىنى چاقىرتماي، بۇ مىجەزى توڭ، خاراكتېرى چۈس قىزنى چاقىرىپ قالغانلىقىنى بىلەلمەي مەيۈسلەنمەكتە ئىدى. ئەگەر ئۆزىنى چاقىرىپ قالغۇدەك بولسا، نېمىلەرنى دېيىشنى ئالدىن ئويلاپ ئولتۇراتتى.

ئون مىنۇت ئۆتەر - ئۆتمەي پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەن دونداق ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كىرىپ كەلدى ۋە:

— ھۇ، ئەبلەخ! ئەبلەخلىكىنى قارىمامدىغان! — دەپ غۇدۇراپلا كەتتى.

ھەممەيلەن نېمە بولغانلىقىنى بىلىشكە ئالدىرىدى، لېكىن ئۇ ھېچنېمىنى ئېيتمىدى. گراف قىستاپ سوراۋەرگەندىن كېيىن، دونداق گېدىيىپ تۇرۇپ:



— ياق، بۇنى ئىپىتالمايمەن، بۇ سىلەرگە مۇناسىۋەتسىز، — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەممىيلەن يېسىۋېلىەكىنىڭ مەززىلىك ھىدى چىقىپ تۇرغان يوغان كورىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى. ۋەھىمە يۈز بەرگىنىگە قارىماي، كەچكى تاماق خۇشۇاخلىق بىلەن ئۆتتى. بۇ چاغدا ۋولىېر ئەپەندى سارايۋەنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن پىچىرلىشىپ سۆزلىشىۋاتاتتى. بۇ سېمىز سارايۋەن قاقاقلاپ كۈلەتتى، يۆتىلەتتى ۋە تۈكۈرەتتى؛ سۆھبەتدىشىنىڭ چاقچىقىدىن ئۇنىڭ بادالىق قورسىقى ئۈزلۈكسىز سىلكىنەتتى؛ ئارىلىقتا سارايۋەن پرۇسسىيىلىكلەر كەتكەندىن كېيىن ھەققىنى ئەتىيازدا ئېلىش شەرتى بىلەن ۋولىېر ئەپەندىن ئالتە تۈلۈك قىزىل ئۈزۈم ھارىقى سېتىۋالدى.

كەچكى تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھەممەيلەن قاتتىق چارچىغانلىقىنى سېزىپ ياتقىلى كېتىشتى. ۋولىېر ئەپەندى خوتۇنىنى ئۇخلىتىپ قويغاندىن كېيىن ئىشىك تۈۋىگە باردى ۋە دەم قۇلىقىنى ئىشىك قۇلۇپىنىڭ تۆشۈكىگە يېقىپ تىڭشاپ، دەم تۆشۈكتىن ماراپ، باشقىلار «كارىدورنىڭ مەخپىيىتى» دەپ ئاتايدىغان ئەسكىلىكلەرنى كۆرۈپ باقماقچى بولدى. بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن يېنىك شەپە ئاڭلاندى، ئۇ

دەرھال ماراپ، چۆرىسىگە گۈللۈك ئاق توردىن جىيەك تۇتۇلغان كىچىلىك كىيىم كىيگەن، ئىلگىرىكىدىنمۇ سىمىز كۆرۈنۈۋاتقان دونداقنى كۆردى. ئۇ شامدان كۆ-تۈرۈپ، كارىدورنىڭ ئۇ بېشىدىكى ھاجەتخانىغا كېتىۋا-تاتتى. شۇ ئەسنادا يېقىنىراق ئۆيلەرنىڭ بىرىنىڭ ئى-شىكى قىيا ئېچىلدى. دونداق قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تامبال ۋە ئىچ كۆڭلەكلا كىيگەن كورنې-يودې ئەگەشتى. ئۇلار پىچىرلىشىپ سۆزلىشىپ كېلىپ توختاشتى. قارىغاندا، دونداق ئۇنىڭ ئۆز خانىسىغا كى-رىشىگە قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى.

دونداق غەزەپ بىلەن:

— ياق، قەدىرلىكىم، بەزى چاغلاردا بۇنداق ئىشنى قىلىش رەسۋالىق بولىدۇ، — دېدى.

كورنېيودې ئەمدى ئېغىز ئاچمىدى، بۇ پاھىشە ئا-يالنىڭ دۈشمەنلىك يېنىدا ئۇلارغا مۇلازىمەت قىلىشنى رەت قىلىشتەك بۇنداق ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋىجدانى كورنې-يودېنىڭ ئازار يېگەن كۆڭلىدىكى غۇرۇرنى ئويغاتماي قالمىدى، ھەممە ئۆيلەرنى جىمجىتلىق باستى.

ئەتىسى سەھەر سائەت سەككىزدە مېڭىش قارار قىلىنغاچقا، ھەممەيلەن ۋاقتى - قەرەلىدە ئاشخانىغا يى-غىلدى. ئۈستىگە يېپىلغان بىرېزىنتى قېلىن قار باسقان ھارۋا ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يالغۇز چوقچىيىپ تۇراتت-

تى. نە ئات، نە هارۋىكەش كۆرۈنمەيتتى. هارۋىكەشنى ئىزدەپ ساراي ئىچىدىكى ھەممە يەرنى ئىزدىلىدى. ئاخىر ئۇنى بازاردىكى بىر قەھۋەخانىدا پرۇسسىيە ئوفىتسېرىنىڭ كانۋىيى بىلەن ئولپەتلە-شىپ، هاراق ئىچىپ ئولتۇرغان يەردىن تېپىشتى.

گراف ئاچچىقلىغان ھالدا، ئۇنىڭغا:

— ساڭا هارۋىنى سائەت سەككىزدە تەييار قىل، دەپ تاپىلىغان ئىدۇققۇ؟ — دېدى.

— شۇنداق، بىراق كېيىن هارۋىنى قاتما دېگەن بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالدىم.

— ساڭا كىم بەردى بۇنداق بۇيرۇقنى؟

— ئەلۋەتتە پرۇسسىيە قوماندانى - دە، بۇ بۇيرۇقنى سارايۋەن ماڭا يەتكۈزدى.

ئۇچەيلەن تولىمۇ ئەنسىزلىنىپ سارايغا قايتىشتى. ئۇلار فلانۋې ئەپەندى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى، لېكىن خىزمەتچى ئايال:

— فلانۋې ئەپەندىنىڭ زىققا كېسىلى بولغاچقا، ئە-زەلدىن سائەت ئوندىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرمايدۇ، ساق-لىمىشىڭلارغا توغرا كېلىدۇ، — دېدى.

خوتۇنلار خانا - خانىلىرىغا تارقىلىپ، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشتى.

كورنىيودې ئاشخانىدىكى ئوتى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان

ئېگىز ئوچاقنىڭ تۈۋىنىگە بەھۇزۇر جايلىشىۋالدى ۋە بۇ يەرگە كىچىككىنە بىر قەھۋە شىرەسى ئەكەلدۈردى، سىرتتىن بىر بوتۇلكا پىۋا ئالغۇزدى، ئارقىدىن مۈشتىكىنى چىقىرىپ تاماكا چېكىشكە باشلىدى.

ۋولېر ئەپەندى ئايلىنىپ كېلىش باھانىسى بىلەن يەرلىك مەيپۇرۇشلاردىن ئۇزۇم ھارىقىغا خېرىدار ئىزدەپ كەتتى. گراف بىلەن فابرىكا خوجايىنى سىياسىي ھەققىدە، فرانسىيىنىڭ ئىستىقبالى ھەققىدە پاراڭغا چۈشتى.

سائەت ئون بولغاندا فلانۋې ئەپەندى كىردى، ھەممەيلەن ئۇنىڭدىن ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن ئۇ بىر خىلدا:

— ئوفىتسېر ماڭا «فلانۋې ئەپەندى، ھارۋىكەشكە ئېيتىڭ، ئەتە ئۇ يولۇچىلارغا ھارۋا قاتمىسۇن، مېنىڭ رۇخسىتىمسىز قوزغالمىسۇن، چۈشەندىڭىزمۇ؟ ياخشى، ئارتۇقچە گەپ قىلمايمەن» دېدى، — دېگەن سۆزنى ئىككى - ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى.

ئۇلار ئوفىتسېر بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى، گراف ئۇنىڭغا ئىسىم كارتوچكىسىنى ئەۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە نام - مەرتىۋىسىنى قالدۇرماي يېزىپ، كاررى لامادان ئەپەندىمۇ قول قويدى. دونداق تاۋى يوقتەك ۋە جىددىيلەشكەندەك كۆرۈنەتتى. كۆرۈشۈشنىڭ تەنتەنىلىك بولۇشى ئۈچۈن ۋولېر ئەپەندى كورنېيودېنمۇ تەكلىپ



قىلدى. لېكىن ئۇ گىدىيىپ تۇرۇپ، نېمىسلار بىلەن ئەبەدىي ھەرقانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇچەيلەن ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقتى ۋە ساراي بويىچە ئەڭ پۈزۈر ياسالغان خانىغا — ئوفىتسېر قوبۇل قىلماقچى بولغان يەرگە باشلاپ كېلىندى، ئوفىتسېر ئۇلارنى قانداقتۇر بىر مۇلۇك ھەۋەسكارىنىڭ بوش قالغان ئۆيىدىن ئوغرىلاپ كېلىنگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرغان چىرايلىق كېچىلىك كىيىمگە ئورىلىپ، فارفوردىن ياسالغان ئۇزۇن مۇشتىكىنى چېشلىگەن، ئاياغلىرىنى تام مەشكە تىرىگەن ھالدا يۇمشاق كرېسلودا يانپاشلاپ يېتىپ قوبۇل قىلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپمۇ قويمىدى، سالاممۇ بەرمىدى، ھەتتا قاراپمۇ قويمىدى.

بىر ھازادىن كېيىن ئۇ ئېغىز ئاچتى:

— خوش، نېمە ئىشىڭلار بار؟

گراف دەرھال سۆز باشلاپ:

— ماڭساق دېگەنتۇق، ئەپەندىم، — دېدى.

— بولمايدۇ.

— نېمە سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولارمىكىن؟

— مەن خالىمايمەن.... باشقا ۋەج يوق.... كېتىڭلار.

ئۇچىلىسى تەزىم قىلىپ چىقىشتى.

چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىت كۆڭۈلسىزلىك بىلەن

ئۆتتى، ھېچكىممۇ بۇ نېمىسنىڭ مۇنداق غەلىتە مەـ
جەزىنى چۈشەنمەيتتى. ھەممەيلەن ئاشخانىدا ئولتۇرۇپ
ھەر خىل تەخمىنلەرنى قىلىپ ئەھۋالنى مۇھاكىمە
قىلاتتى: ئېھتىمال، ئۆزلىرىنى گۆرۈ تەرىقىسىدە ئېلىپ
قېلىشماقچىدۇ؟ ئەسىرلەر قاتارىدا ئېلىپ كېتەرمۇ ـ يا؟
ئۆزلىرىنى قويۇپ بېرىش ھېسابىغا بۇ قاقتى ـ سوقتىغا
ئادەتلەنگەن ئوفىتسېرنىڭ قولىغا تاغارلاپ ئالتۇن تۆـ
كىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكىنىدە ئۇلار
قورقۇپ كېتىشتى، ئەڭ بايلىرى تېخىمۇ قاتتىق قورـ
قۇپ كەتتى. ۋولېر ئەپەندى ھەتتا مەيدىسىدىكى سائەت
زەنجىرىنى ئېلىپ قويۇن يانچۇقىغا سېلىپ قويدى،
قاراڭغۇ چۈشكەنسېرى، ئۇلارنى تېخىمۇ ۋەھىمە بېسىشقا
باشلىدى. چىراغ يېقىلدى، ئەمما كەچكى تاماق ۋاقتىغا
يەنە ئىككى سائەتتەك ۋاقىت بولغاچقا، ۋولېر خانىم
«ئوتتۇز بىر» ئويناشنى تەكلىپ قىلدى. بۇ ئىچ پۇشۇـ
قىنى چىقىرىشنىڭ ئوبدان چارىسى بولغاچقا، ھەممەيلەن
قوشۇلدى. ھەتتا كورنېيودېمۇ ئەدەپ يۈزىسىدىن مۇشـ
تىكىنى ئۆچۈرۈپ* ئويۇنغا قاتناشتى. گراف قارتىلارنى
شىلىدى، قارتىلار بۆلۈندى، بىرىنچى قولدىلا دونداق
نومۇرنى ئوتتۇز بىرگە توشقۇزدى. ئانچە ئۆتمەي ئويۇنغا
بولغان قىزىقىش ھەممىسىنىڭ خىيالىنى چۇلغىۋالغان
ۋەھىمىنى يوقاتتى. كورنېيودې ھەتتا ئەر ـ خوتۇن ۋوـ

* غەربنىڭ ئادىتى بويىچە ئاياللار بار يەردە ئەرلەر تاماكا چەكمەيدۇ.

لىرلارنىڭ شەرەتلىشىپ كاززاپلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى.

ئۇلار كەچلىك تاماقتا ئولتۇرغاندا، فلانئۇي ئەپەندى يەنە كىرىپ كەلدى ۋە خىرىلداپ:

—پرۇسسىيە ئوفىتسېرى ئىلزابىت روسسە خېنىمدىن سوراڭ، ھېلىمۇ شۇ سۆزدە تۇرۇۋېتىپتىمۇ، دەۋاتىدۇ، — دېدى. بۇنى ئاڭلاپ دونداقنىڭ چىرايى تاتىرىپ، تۇرغان جايىدا قېتىپلا قالدى، كېيىن توساتتىن پوكاندەك قىزاردى ۋە غۇززىدە ئاچچىقى كېلىپ، بوغۇلغىنىدىن تىلى تۇتۇلۇپ قالدى، ئاخىر ئۇ يېرىلىپ:

— ئۇ مۇتتەھەمگە، پەسكەش نومۇسسىزغا، سېسىق پرۇسسىيىلىككە ئېيتىڭ، مەن سۆزۈمدىن ھەرگىز يانمايمەن، ئاڭلاۋاتامسىز؟ ھەرگىز، ھەرگىز! — دېدى.

سېمىز سارايۋەن چىقىپ كېتىشىگىلا ھەممەيلەن دونداقنى ئورىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئوفىتسېر بىلەن ئۇچرىشىشىنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بېرىشىنى سوراشتى، باشتا ئۇ ئۇنىمىدى، كېيىن غەزىپىنى باسالماي:

— ئۇ نېمە قىلماقچى؟ نېمە قىلماقچىدى، مەن بىلەن بىر كېچە ياتماقچى، — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

ھەممىسىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ كەتتى، ھەتتا بۇ سۆزدىن ھېچكىممۇ خىجالەت بولمىدى. كورنىيودې ئىستاكاننى ئۇستەلگە ئاچچىقى بىلەن ئۇرغانىدى، ئىستاكان چۇل ـ چۇل بولۇپ كەتتى. ھەممەيلەن غەزەپلىنىپ،

بۇ نومۇسسىز ئەبلەخنى ئەيىبلەشكە باشلىدى. دونداا
ىنىڭ ھاقارەت قىلىنىشى ھەتتا بۇلارغىمۇ تەگكەندەك ھەا
ممسى ھار ئېلىشتى.

بىرپەسلىك غەزەپ بېسىلغاندىن كېيىن، ھەممەيلە
ئادەتتىكىدەك تاماق يېيىشكە ئولتۇرۇشتى. لېكىن گە
ئاز ئىدى، ھەممەيلەن خىيال سۈرەتتى.

خوتۇنلار ئالدىراپ خانىلىرىغا تارقىلىشتى. ئەر
تاماكا چېكىشىپ، قارتا ئويناشقا باشلىدى. ئوفىتسې
نىڭ دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىنى يوقىتىش يولـــ
ئۇستىلىق بىلەن بىلىۋېلىش مەقسىتىدە فلانئۋې ئەپ
دىنىمۇ ئويۇنغا تەكلىپ قىلىشتى، لېكىن ئۇ ھېچق
داق سوئالغا جاۋاب قايتۇرمىدى. كۆپچىلىك ئـويـۇنـنى
يىغىشتۇردى ۋە ئۇخلاش ئۈچۈن ئۆز خانىلىرىغا تارقى-
لىشتى.

ئەتىسى ئۇلار يەنە بالدۇرلا ئويغاندى، «بۈگۈنمۇ
لەنتى سارايدا قالىمىزمۇ، تېزرەك كەتسەك بـولاتـتى
دېگەن خىياللار ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلاتتى.

ئەستاغپۇرۇللا، ئاتلار يەنە ئېغىلدا تۇراتتى، هارۋ
كەشىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى بولمىغاچقا، هارۋا ئـ
ىراپىدا لاغايلاپ يۈرۈشتى.

چۈشلۈك تاماق تەبىئىي يوسۇندا كۆڭۈلسىز ئۆتتى
ھەممەيلەننىڭ دونداقتىن كۆڭلى سوۋۇغاندەك كۆرۈنەتتى،

ر كېچە ئۆتۈپلا، ئۇلار ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ قالغاندەك
لاتتى. چۈنكى، كېچىدە پروسسىيىلىك بىلەن يوشۇ-
ن ئۇچرىشىپ، ئىشنى ھەل قىلىپ ھەمراھلىرى
ىندىن تۇرغىچە خۇش خەۋەر يەتكۈزمىگەن بۇ ئايالدىن
ممىسىنىڭ رايى قايتقانىدى. ئۇنىڭ يۈزىمۇ چۈشۈپ
تمەيدىغۇ؟ ئەدەپ يۈزىسىدىن پەقەت ئوفىتسېرغا «خاپا
ۇۋاتقان بىچارە ھەمراھلىرىمنىڭ ھالىغا ئېچىنغانلىد-
مدىن ماقۇلغا كەلدىم» دەۋەتسىلا ئىش پۈتەتتىغۇ. ئۇ-
ڭ ئۇچۇن بۇنداق ئىشلار قانچىلىك ئىشتى!

چۈشتىن كېيىن ھەممەيلەن زېرىكىپ كېتىشتى.
اف ئەتراپىنى ئايلىنىپ كېلىشنى تەكلىپ قىلدى.
ىغا چىققاندا ئۇنىڭ بىپايان ئاپئاقلىقى شۇ قەدەر
ڭۈلسىز ۋە دەھشەتلىك كۆرۈندىكى، بىردىنلا ھەمە-
يلەن شۈركىنىپ، يۈرەكلىرى ئۈيۈشۈپ قالغاندەك
دى ــ دە، كەلگەن يولى بىلەن كەينىگە يېنىشتى. تۆت
تۇن ئالدىدا، ئۈچ ئەر بۇلاردىن خېلى كەينىدە كېلىد-
اتتى.

ۋولېر ئەپەندى توساتتىن:

— بۇ «سېسىق جالاپ» بىزنى قاچانغىچە بۇ جايدا
قوزىدىكىنە؟ — دېدى.

ئەدەپ ــ يوسۇنلۇق گراف خانىم كىشىنى بۇنداق
شكۈل پىداكارلىقنى ئورۇنداشقا قىستىغىلى بولمايدى-
لىقىنى، بۇنداق ئىشتا ئىختىيارى بولۇشى كېرەكلىكىنى

ئېيتتى، بۇ ئەملىيەتكە ئۇيغۇن، توغرا گەپ ئىدى، ھەممەيلەن جىم بولۇشۇپ قالدى.

توساتتىن كوچىنىڭ بېشىدا ھېلىقى پروسسىيە ئوفىتسېرى كۆرۈنۈپ قالدى. ئۇ تولۇق ھەربىيچە كىيىنگەن ھالدا مەيدىسىنى كېرىپ، مايلاپ پارقىرىتىلغان ئۆتۈكىنىڭ ئاپئاق قاردىمۇ مەينەتلىشىپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، ھەربىيلەرگە خاس قەدەم بىلەن تىزىنى ئەگمەي ئالچاڭلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ خانىملارنىڭ ئالدىدىن ئۆتىدىغان چاغدا تەزىم قىلدى، ئەرلەرگە بولسا تولىمۇ مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن قاراپ قويدى، چۈنكى، ۋولېر ئەپەندى بېشىدىن شىلەپىنى ئالىمەن دەپ قول ئۇزاتقان بولسىمۇ ئالمىغان، باشقىلارمۇ ئۆزىمىزنى پەسلەشتۇرۇپ نېمە قىلىمىز، دەپ شىلەپىلىرىنى ئالمىغانىدى. دونداق قولقىغىچە قىزىرىپ كەتتى. ئېرى بار ئۈچ خوتۇن ئوفىتسېرنىڭ يۈزىنى قىلمىغان بۇ پاھىشە ئايال بىلەن بىللە ئايلىنىپ يۈرگەندە، قېرىشقاندەك بۇ ئوفىتسېرغا دوقۇرۇشۇپ قالغانلىقىدىن ئۆزلىرىنى بەكمۇ ئوسال ئەھۋالدا قالغاندەك ھېس قىلىشتى.

سارايغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يولۇچىلار نېمە قىلىشىنى بىلمەي، ئەرزىمەيدىغان ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى دەپ بىر ـ بىرىگە تاپا ـ تەنە قىلىشقا باشلىدى. كەچكى تاماقنىمۇ ئۈندىمەستىن ئالدىراپ يېيىشىپ، ئىلاج بار بۇرۇنراق ئۇخلاپ، ۋاقىتنى تېزرەك ئۆتكۈزۈش

ئۇچۇن ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىشتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە تۈۋەنگە چۈشكەندە، ھەممىسىنىڭ چىرايىنى ھارغىنلىق، يۈرىكىنى غەزەپ قاپلىغانىدى. خانىملار ھەتتا دونداققا گەپمۇ قىلمىدى.

چىركاۋدا قوڭغۇراق چېلىنىپ، بالىلارنى چوقۇندۇ- رۇشتىن بەلگە بەردى. دونداقنىڭ قەلبىدە كۈچلۈك ئا- زىلىق مېھرى قوزغالدى ۋە ھېچنېمىگە قارىماي بۇ مۇراسىمغا بارغۇسى كەلدى.

ئۇ كېتىشى بىلەنلا ھەممەيلەن بىر ـ بىرىگە قارد- ۋېلىشتى. كېيىن ئورۇندۇقلىرىنى سۈرەپ كېلىپ، يې- قىنراق ئولتۇرۇشتى. چۈنكى ھەممەيلەن ئەھۋال مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەندە بىرەر ئۇسۇل ـ چارە تاپمىسا بولماي- دىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالغانىدى، ۋولېر ئەپەندى بىردىن جانلىنىپ، دونداقنىڭ ئۆزىنىلا ئېلىپ قېلىپ باشقىلارنى ماگدۇرۇۋېتىشنى ئۆتۈنۈپ ئوفىتسېرغا تەك- لىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى.


فلانۋې ئەپەندى بۇ تاپشۇرۇقنى بېجىرىشنى ئۈستىگە ئالدى، لېكىن ئۇ شۇ زامان قايتىپ كەلدى. ئىنسان تەبىئىتىنى ياخشى بىلىدىغان نېمىس ئۇنى ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. ئۇ ھەۋىسىنى قاندۇرغانغا قەدەر يو- لۇچىلارنى تۇتۇپ تۇرىدىكەن.

شۇ ئەسنادا تېگى پەس ۋولېر خانىم كۆڭلىدىكى ھەننىۋا غەزىپىنى بىراقلا چىقاردى:

— بىز ھامان بۇ يەردە ئۆلۈپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك ـ تە. بۇ پاسكىنىغا تېخى ھال كىرىپ قاپتۇ!....
ھېلىقى ئوفىتسېر ناھايىتى راۋۇرۇس ئادەم ئىكەن.

نېرىراقتا مەسلىھەتلىشىۋاتقان ئەرلەر خوتۇنلارنىڭ يېنىغا كېلىشتى. غەزىپى ئۆرلىگەن ۋولېر ئەپەندى شۇ تاپتا بۇ «رەسۋا» نىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپ دۈشمەنگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى. لېكىن ئائىلىسى ئۈچ ئەۋلادتىن بۇيان دىپلومات بولۇپ كېلىۋاتقان، ئۆزىمۇ دىپلوماتلارغا خاس سالاپەتكە ئىگە گراف بېرىۋىلى ئۇس- تىلىق بىلەن ئىش كۆرۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، دونداقتا ئوبدانىراق نەسىھەت قىلىش كېرەك، دەيتتى.

شۇنداق قىلىپ، ھەممەيلەن يوشۇرۇن تىل بىرىك- تۈرۈشتى...... خوتۇنلار سۈرۈلۈپ كېلىپ سىغدىلىپ ئولتۇرۇشتى. ئاۋازلار تېخىمۇ پەسەيدى، ھەركىم ئۆز سالاھىيىتىگە خاس ئويلىغانلىرىنى ئېيتىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ خانىملار چويلىدا توختىمايدىغان پىكىرلىرىنى ئېيتىش ئۈچۈن مۇلايىم، نازاكەتلىك گەپلەرنى قىلىپ، ئەدەپ دائىرىسىدىن چىقمايدىغان ئىبارىلەرنى ئىشلىتەت- تى. يۇقىرى تەبىقىدىكى خوتۇنلاردا بولىدىغان جىلۋىلىك نومۇس پەردىسى ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشىنىلا نىقابلىغان بو- لۇپ، بۇ خوتۇنلار بۇنداق ئادەتتىن تاشقىرى يىرگىنىچ- لىك ۋەقەدىن غەزەپلىنىش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۇنى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشتا ئەمەك ھېسابلاپ ئۇنىڭدىن



لەززەتلىنىۋاتاتتى، ئۇلار خۇددى نەپسى يامان ئاشپەزنىڭ كىشىلەرگە ئىبسىل تاماق تەييارلىغاندا تۇزىنى تېتىپ باققىنىدەك، باشقىلارنى تېپىشتۇرۇشنى سىناپ كۆرۈشكە شۇنچىلىك ئالدىراپ كېتىشىۋاتاتتى. ئاخىرىغا كەلگەندە گراف قالتىس قىزىق چاقچاقلارنى قىلىپ، ھەممىسىنى كۇلدۇرۇۋەتتى. ۋولېر ئەپەندىمۇ ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپراق قوپال، تېتىقسىز گەپلەرنى قىلدى، ھېچكىم بۇنىڭدىن ئۇيالمىدى. ئۇنىڭ خوتۇنى ئۆز كۆڭلىدىكىنى ئوچۇق ئېيتتى:

— بۇنداق قىلىش بۇ چوكاننىڭ كەسپى، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا باشقىلارغا ماقۇل دەپ، مۇشۇ ئادەمگىلا ئۇنىماي تۇرۇۋالىدۇ؟

بۇ سۆزگە ھەممەيلەن قوشۇلدى.

كورنېيودې ئىلگىرىكىدەكلا چەتتە ئولتۇراتتى. ئۇ بۇ ئىشقا ئارىلاشمىدى.

ھەممەيلەن بۇ ئىشقا شۇ قەدەر بېرىلىپ كەتكەچكە، دونداقنىڭ كەلگىنىنى ھېچكىم سەزمەي قالدى. پەقەت گراف: «تىنچ!» دەپ شىۋىرلىغان چاغدىلا ھەممەيلەن بېشىنى كۆتۈردى. دونداق ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ھەممەيلەن ئوڭايسىزلىنىپ، دەرھال ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدى. مۇناسىۋەتتە بولىدىغان ئىككى يۈزلىمىلىككە باشقىلارغا قارىغاندا ئۇستىراق بولغان گراف خانىم ئۇنىڭدىن:

— قانداق، چوقۇندۇرۇش مۇراسىمى قىزىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى.

مۇراسىمدىن كېيىن تېخىچە ھاياجىنىنى بېسىۋالالىمىغان دونداق ئۇلارغا قانداق ئادەملەرنى كۆرگەنلىكىنى، قايسى ئادەملەرنىڭ قانداق تۇرغانلىقىنى، ھەتتا چېركاۋنىڭ ئىچىدىكى ئەھۋالنىڭ قانداقلىقىنى بىر- بىرلەپ سۆزلەپ بەردى ۋە ئاخىردا:

— بەزى- بەزىدە ئىبادەت قىلىپ تۇرۇش ساۋابلىق، — دەپ قويدى.

خانىملار چۈشلۈك تاماقچە ھەر خىل گەپلەر بىلەن ئۆزلىرىگە ئىشەندۈرۈش ۋە پەند- نەسىھەتلىرىنى ئوڭايراق ئاڭلىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تولىمۇ خۇشخۇي مۇئامىلە قىلىشتى.

تاماق جوزىسىغا ئولتۇرۇش بىلەنلا ھۇجۇم باشلاندى. دەسلەپ پىداكارلىق ۋە ساداقەتمەنلىكتىن گەپ ئېچىلدى. ئۇلار قەدىمكى زاماندىكى ئىشلاردىن مىسال كەلتۈرۈشتى، بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى ئېھتىيات بىلەن ئەدەپ دائىرىسىدە سۆزلەندى، بەزىدە سۆز ئاربىلىقىغا غەرەزلىك ھالدا كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان قۇۋۋەتلەش سادالىرىمۇ قوشۇلۇپ قالاتتى.

ئىككى موناخ ئايال ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك ئېغىر خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى، دونداقمۇ ئۇن- تىنسىز ئولتۇراتتى.

دونداقىنىڭ تەپسىلىي ئويلىنىشى ئۈچۈن، چۈشتىن كېيىن ئۇنى ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىشتى. گەرچە سەۋەبىنى ھېچكىم ئېنىق بىلمىسىمۇ، ئەمدى ئۇنى ئىلگىرىكىدەك «خانىم» دېمەي، توغرىدىن-توغرا «خانقىز» دەپ ئاتاشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن مەقسەت ئۇنى ھازىرقى ھۆرمەتتىن بىر بالداق چۈشۈرۈش ۋە مەرتىۋىسىز ئورنىنى ئۆزىگە ئەسلىتىپ قويۇش بولسا كېرەك.

كەچكى تاماقتىكى شورپا تارتىلىشى بىلەنلا فىلانۋېي ئەپەندى كىرىپ يەنە تۈنۈگۈنكى گەپنى تەكرارلىدى:

— پرۇسسىيە ئوفىتسېرى ئېلىزابېت روسسە خانىمدىن سوراپ، ھېلىمۇ شۇ گېپىدە تۇرۇۋېتىپتۇمۇ، دەپ سوراۋاتىدۇ.

دونداق سوغۇقلا جاۋاب بەردى:

— شۇنداق، ئەپەندىم.

بۇ قېتىملىق كەچكى تاماق ئارىلىقىدا، گراف خانىم موناخ ئاياللارنىڭ قېرىسىدىن ئەۋلىيالارنىڭ قانداق تۆھپىلىرى بارلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشىنى سورىدى. گراف خانىم ئۇنىڭدىن مۇنداق دەپ سورىدى:

— سىزنىڭچە، قانداقلا ئۇسۇل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تەڭرى يول قويىدىكەن-دە! ئەگەر نىيەت خالىس-پاك بولسىلا، قىلغان ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى تەڭرى كەچۈرەمدۇ؟

— بۇنىڭدىن كىممۇ گۇمانلانسۇن، خانىم؟ ئەيىبلىنىشكە

تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار نىيەت خالىس-پاك بولغاندىلىقتىن كۆپ ۋاقىتلاردا ھۆرمەتكە لايىق بولۇپ كەلگەن.

ئۇلار شۇ تەقلىدتە سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشتى، گەپلەر ئۇستىلىق بىلەن ئىقابىلىنىپ، شەرم-ھايا دائىرىسىدە ئېيتىلدى. لېكىن موناخ ئايالنىڭ ھەربىر جۈملە سۆزى پاھىشە ئايالنىڭ غەزەپ بىلەن كۆرسىتىۋاتقان قارشىلىقىنى يىمىرىپ تاشلاش رولىنى ئوينىماقتا ئىدى.

تاماقنى يەپ بولۇش بىلەن تەڭ ھەممەيلەن خانا-خانىلىرىغا تارقالدى ۋە ئەتىسى چۈشكە يېقىن ئويغىنىشتى.

چۈشلۈك تاماقمۇ جىمجىت ئۆتتى، كۆپچىلىك ئاخشام تېرىلغان ئۇرۇقلارنىڭ ئۈنۈپ چىقىپ ھوسۇل بېرىشىنى كۈتۈشمەكتە ئىدى.

چۈشتىن كېيىن گراف خانىم ئايلىنىپ كېلىشنى تەكلىپ قىلدى. شۇ چاغدا گراف كېلىشىۋالغان مەسلىھەت بويىچە دونداقنى قولتۇقلاپ ئارقىدىراق ماڭدى. ئۇ دونداققا مەرتىۋىلىك كىشىلەرنىڭ بۇزۇق خوتۇنلارغا مەنسىتمەي قىلىدىغان تەكەللۇپسىز تەلەپپۇزى بىلەن، ئۇنىڭغا قىزىغىن، مۇلايىم ۋە مېھىر-شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىلدى. گراف ئۇنى «بالام» دەپ ئاتىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ يۇكسەك ئىجتىمائىي ئورنىنى ۋە ئالىي سالاھىيىتىنى ئۇنتۇمىدى، لېكىن دونداققا ئىلتىپاتلىق مۇئامىلىدە بولدى. ئۇ توغرىدىن-توغرا مەقسەتكە كۆچتى:

— شۇنداق قىلىپ، سىز ئۆمۈر بويى قىلىپ كېلىۋاتقان

ئىشىڭىزدا بۇ قېتىم رازىلىق بەرمەي، پروسسىيە ئارمىيىسى قىلىدىغان تۇرلۈك زوراۋانلىقلار ئالدىدا بىز-نىمۇ ئەندىشە- خەۋپتە قالدۇرماقچىمۇ؟

گراف كۆچىنىڭ بارىچە ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە قىلىدىغان ياردىمىنىڭ نەقەدەر چوڭ بولىدىغانلىقىنى هە دەپ كۆپ-تۈرۈپ كۆرسىتىشكە باشلىدى ۋە ئۇنىڭدىن چوڭقۇر مىن-نەتدار بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

دونداق ئۇندىمەي، قەدىمىنى تېزلىتىپ باشقىلارغا يېتىشىۋالدى. سارايغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ دەر-هال ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ كەتتى ۋە قايتا كۆرۈنمىدى. ھەممەيلەننىڭ تاقىتى تاق بولدى. ئۇ قانداق قىلاركىن؟ ئۇ يەنىلا قاتتىق تۇرۇۋالسا، ئىش چاتاق بولىدۇ- دە!

كەچلىك تاماق ۋاقتى بولدى. ھەممەيلەن ئۇنى تاقەت-سىزلىك بىلەن كۈتتى، كېيىن فلانۋې ئەپەندى كىرىپ:

— روسسە خېنىمنىڭ مىجەزى يوقكەن، تاماقنى يە-ۋېرىڭلار، — دېدى.

ھەممەيلەن قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلىدى. گراف سارايۋەننىڭ يېنىغا بېرىپ، ئاستاغىنە:

— كۆندىمۇ؟ —دەپ شىۋىرلىدى.

— كۆندى.

ئۇ ئەدەپ يۈزىسىدىن ھەمراھلىرىغا ھېچ نەرسە دېمەي، پەقەت بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويدى. شۇ ھامان ھەممەيلەن ئېغىر يۈكنى تاشلىغاندەك چوڭقۇر ئۇھ

تارتتى، چىرايلارنى خۇشاللىق قاپلىدى. ھەممەيلەن بىردىن ئىچىلىپ ـ يېيىلىپ، خۇش چاقچاق بولۇپ كېتىشتى. كۆڭۈللەرنى غەيرىي خۇشاللىق قاپلىدى. ۋولېر ئەپەندى بىرقەدەھ شامپان شارابىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە:

— ئازادلىقىمىزنى مۇبارەكلەپ ئىچەيلى! — دېدى.

ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ تەنتەنە قىلىشتى. ھەتتا موناخ ئاياللارمۇ خانىملارنىڭ زورلىشى بىلەن ئۆمۈر بويى ئاغزىغا ئېلىپ باقمىغان كۆپۈكلۈك ئۈزۈم ھارىقىدىن تې-تىپ بېقىشتى.

ۋولېر ئەپەندى بۇ كەيپىياتتىن خۇلاسە چىقىرىپ:

— ئەتتىگىنەي، پىئانىنو بولماي قالدى ـ دە، بولغان بولسا بىر پەردە تانسا ئوينىۋېتەتتۇق! — دېدى.

كورنىيودې گەپمۇ قىلماي، قىمىرلىماي ئولتۇراتتى. ئۇ چوڭقۇر خىيالغا چۆمگەن ھالدا، ئۇزۇن ساقىلىنى تې-خىمۇ ئۇزارتماقچى بولۇۋاتقاندەك ئاندا ـ ساندا تارتىپ قو-ياتتى. تۈن كېچە بولاي دېگەندە كۆپچىلىك تارقىلىشقا باشلىغاندا، دەلدەڭشىپ قالغان ۋولېر ئەپەندى تۇيۇقسىز كورنىيودېنىڭ قورسىقىغا بىرنى ئۇرۇپ، كالۋالىشىپ قالغان تىلى بىلەن:

— بۈگۈن كېچە جىمىپلا كەتتىڭىزغۇ، كۆڭۈلسىز ئوخشىمامسىز، گىراژدانىم، — دېدى.

كورنىيودې تۇيۇقسىز بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئوت چاقناپ

تۇرغان كۆزى بىلەن ئۇلتۇرغانلارغا بىر قۇر قاراپ چىقىپ:
— ئېيتىپ قوياي، باياتىن بۇيان ھەممىڭلار راسا رەسۋالىق قىلدىڭلار! — دېدى.
ھەممەيلەننىڭ كەيپى ئۇچتى، ھودۇقۇپ قالغان ۋولېر ئەپەندى تېگىرقاپ تۇرۇپلا قالدى. كېيىن ئېسىنى تېپىپ، تۇساتتىن:
— بوي يەتمىگەن ئۇزۇم ئاچچىق بولىدۇ، بۇرادىرىم، ئاچچىق بولىدۇ! — دەپ قاقاقلاپ كۈلدى.
ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنىڭ مەنىسىنى ھېچكىم چۈشەنمىگەچكە، ئۇ باشقىلارغا «كارىدورنىڭ مەخپىيىتى» نى سۆزلەپ بەردى. قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى. خانىملار ئېسىنى يوقاتقان كىشىدەك كۈلۈشۈۋەردى.
كېچىچە قاراڭغۇ كارىدوردا ئاڭلانمايدىغان دەرىجىدە بوش شىتىرلاشلار، ئادەمنىڭ نەپەس ئالغىنىغا ئوخشاپ كېتىدىغان يېنىك ئاۋازلار، يالاڭ ئاياغ قەدەملەرنىڭ شىپىلداشلىرى، بىلىنەر-بىلىنمەس چىقىۋاتقان غىچىر-غىچىر ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇردى. كۆپچىلىك بەكمۇ كەچ ئۇخلاشتى، خېلى ئۇزاقىچە ئىشىكلەر تۈۋىدىن ئىنچىكە نۇر كۆرۈنۈپ تۇردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى شامپان شارابى ئىچىشنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئېيتىلىشىچە، شامپان شارابى ئۇيقۇنى قاچۇرىدىكەن.
ئەتىسى قىش قۇياشىنىڭ پارلاق نۇرىدا يالتىراۋاتقان قار كۆزنى قاماشتۇراتتى. ئات قېتىلغان هارۋا دەرۋازا

ئالدىدا تۇراتتى. ھارۋىكەش قوي تېرىسىگە ئورىلىپ، ھارۋا ئالدىدا ئولتۇرۇپ مۈشتىكىنى تارتىۋاتاتتى. چىرايى ئېچىلىپ كەتكەن يولۇچىلار يولغا دىپ ئالغان ئوزۇق-لىرىنى دۇكاندىكىلەرنىڭ تېزرەك ئوراپ بېرىشىنى سۈيلىمەكتە ئىدى.

ئەمدى دونداقنىلا كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ئاخىر ئۇمۇ كۆرۈندى. ئۇ خىجالەت ئىچىدە تارتىنىپ - قورۇنۇپ ھەمراھلىرىنىڭ يېنىغا باردى، لېكىن ئۇلار گويا دون-داقنىڭ كەلگىنىنى بايقىمىغاندەك تەڭلا تەتۈر قارىۋې-لىشتى. بەكلا ھەيران قالغان دونداق تۇرۇپلا قالدى، كېيىن ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، فابرىكا خوجايىنىنىڭ خوتۇنىنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئەدەپ بىلەن ئاستاغىنا:

— ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن، خانىم، — دې-دى.

خانىم تەكەببۇرلۇق بىلەن بېشىنى سەللا لىڭشى-تىپ قويدى ھەمدە گويا ئىپپەتلىك - پاك قىز خورلان-غاندەك، ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. كېيىن ھەممىيلەن ئال-دىراپ ھارۋىغا چىقىشقا باشلىدى. دونداقنى ئەڭ ئاخى-رىغا قالدۇرۇشتى. ئۇ ئۈندىمەستىن ھارۋىغا چىقتى - دە، ئاۋۋالقى جايىغا بېرىپ ئولتۇردى.

ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئىلگىرى كۆرمىگەندەك، تونۇ-مايدىغاندەك مۇئامىلە قىلاتتى. پەقەت ۋولېر خانىم ئۇ-

نىڭغا يىراقتىن غەزەپ بىلەن بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن، ئېرىگە شىۋىرلىدى:

— خۇداغا شۈكرى، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ قالمىدىم.

هارۋا قوزغالدى، يەنە سەپەر باشلاندى. دەسلەپتە هېچكىم ئۇندىمەي ئولتۇردى. دونداق بېشىنى كۆتۈرۈشكە پېتىنالمايتتى، ئۇنىڭ هەمراهلىرىغا غەزىپى كېلەتتى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىق قىلىپ، ساختا مېهرىبانلىق كۆرسەتكەن كىشىلەرنىڭ گېپىگە كىرىپ پروسسىيلىكنىڭ قۇچىقىدا خورلانغىنىدىن نومۇس قىلاتتى.

لېكىن گراف خانىم بۇ ئېغىر سۈكۈتنى بۇزدى، ئۇ كاررى ـ لامادان خانىم بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

فابرىكا خوجايىنى گراف بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى، هارۋا دېرىزىلىرىنىڭ تاراقشىغان ئاۋازى ئارىسىدا بەزىدە «پاي چېكى... مۇددىتى توشتى... ئۆسۈمى...» دېگەندەك سۆزلەر ئاڭلىنىپ قالاتتى. ۋولېر ئەپەندى خوتۇنى بىلەن قارتا ئويناۋاتاتتى، سارايدىن ئوغرىلىۋېلىنغان بۇ قارتا بەكمۇ قاسماقلىشىپ كەتكەنىدى.

موناخ ئاياللار بەللىرىگە ئېسىقلىق ئۇزۇن تەسۋىلىرىنى قولىغا ئېلىشىپ، تەڭلا چوقۇنۇشتى ۋە توساتتىن تېز ـ تېز پىچىرلىشىپ دۇرۇت ئوقۇشقا باشلىدى، ئۇلار بەزى ـ بەزىدە پەيغەمبەرنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن

تاختىنى سۆيەتتى ـ دە، چوقۇناتتى، ئارقىدىن يەنە ئالدىراپ ـ تېنەپ داۋاملىق پىچىرلاپ دۇرۇت ئوقۇيتتى.

كورنېيودې خىيالغا چۆمۈپ، قىمىرلىماي ئولتۇراتتى.

ئۈچ سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن ۋولېر ئەپەندى قارتىلارنى يىغىشتۇردى ـ دە:

ــــ قورساق ئاچتى، ــــ دېدى.

شۇ چاغدا ئۇنىڭ خوتۇنى ئىنچىكە شوينا بىلەن چىلىق باغلانغان قەغەز تۇگۈننى يېشىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر پارچە مۇزلىتىلغان كالا گۆشىنى ئالدى ۋە ئۇنى چاققانلىق بىلەن ياپىلاقلاپ توغرىدى، ئەر ـ خوتۇن يېيىشكە باشلىدى.

گراف خانىمۇ دۇكاندار ئوراپ بەرگەن يېمەكلىكلەرنى ئاچتى. ئۇلار يۇمىلاق بىر قاچىا ئېلىۋالغانىدى، ئۇنىڭ ئىچىگە پىشۇرۇلغان ياۋا توشقان گۆشى قاچىلانغانىدى، ئۇ بەكمۇ مەززىلىك پىشقان گۆش ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شۋېتسارىيىدە ئىشلەنگەن يوغان بىر پارچە ئىرىمچىك گېزىتكە ئوراقلىق تۇراتتى.

موناخ ئايالالار ئوراقلىق قەغەزنى ئېچىپ، سامساق ھىدى كېلىپ تۇرغان پۈتۈن بىر قېزىنى ئېلىشتى. كورنېيودې قوللىرىنى پەلتوسىنىڭ چوڭقۇر يانچۇقلىرىغا تەڭلا تىقىپ، بىر يانچۇقىدىن تۆت دانە پىشۇرۇلغان تۇخۇم، يەنە بىر يانچۇقىدىن بىر پارچە بولكا ئالدى، ئۇ



تۇخۇمنى ئاقلاپ شاكىلىنى پۈتىنلەي ئاستىدىكى پاخالغا تاشلىدى ــ دە، يېپىشكە باشلىدى.

دونداق ئورنىدىن تۇرغاندا ئالدىراپ قالغاچقا، ھېچ نەرسە تەييارلىمىغانىدى. ئۇ بەخىرامان ناشتا قىلىۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ ئەلەم بىلەن بوغۇلۇشقا باشلىدى. دەس-لەپتە ئۇنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، ئاچچىقىدا ئاغزىغا كەلگەننى دەپ تىللاپ، ئۇلارغا ئۆزىنى بىر تېپىتىپ قويماقچى بولدى، لېكىن قەھر ـ غەزىپى ئۆرلەپ، ئاھانەتلىك سۆزلىرى بو-غۇزىغا تىقىلىپ قېلىپ، گەپ قىلالمىدى.

ھېچكىم ئۇنىڭغا قاراپ قويمىدى، ھېچكىم ئۇنى ئوي-لاپمۇ قويمىدى. ئۇ بۇ مۇتتەھەملەرنىڭ ئۆزىنى قۇربان قىلىپ، ئاخىردا ئەۋرەت لاتىسىغا ئوخشاش تاشلىۋەتكىنى-دىن، ئۆزىنى مۇنداق كەمسىتىۋاتقانلىقىدىن سۇغا غەرق بولۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. دەل شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئاچ كۆزلەر يەپ تۈگىتىۋەتكەن لىق بىر سې-ۋەت مەززىلىك تائاملىرىنى ۋە ھېلىقى مۇزلىتىلغان ئىككى چۈجىسىنى، گۆش قىيامىنى، نەشپۈتلىرىنى ۋە تۆت بوتۇلكا باردىن ماركىلىق قىزىل ئۈزۈم ھارىقىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ ئۆزىنى يىغا بېسىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، جېنىنىڭ بارىچە ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا ئۇرۇندى. لېكىن چاناقلىرىدىن ئەگىگەن ياش يالتىرىدى، تۇيۇقسىز ئىككى تامچە ياش يۈزىنى بويلاپ ئاستا ئېقىپ چۈشتى. دونداق ئۆزىگە ھېچكىمنىڭ قارىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىپ رەڭگىرويى

ئۆچكەن هالدا قامەتىنى رۇسلاپ، ئالدىغا تىكىلگىنىچە قەدەملىماي ئولتۇراتتى.

لېكىن، كۈتۈلمىگەندە گراف خانىم ئۇنىڭ ياشلىرىنى كۆرۈپ قالدى ۋە كۆز ئىشارىسى بىلەن ئېرىگە كۆرسەتتى. ئېرى: «قانداق قىلاي، مەندە نېمە ئامال» دېگەندەك قىلىپ مۈرىسىنى قىسىپ قويدى. ۋولېر خانىم خويمۇ ئوبدان بولدى، دېگەندەك سوغۇق كۈلۈپ:

— ئۆزىنىڭ رەسۋالىقىغا يىغلاۋاتىدۇ، — دەپ پىچىرلىدى.

موناخ ئايالالار ئېشىپ قالغان قېزىسىنى قەغەزگە ئوراپ قويۇپ، يەنە دۇرۇت ئوقۇشقا باشلىدى.

بۇ چاغدا كورنېيودې يېگەن تۇخۇملىرىنى هەزىم قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئۇزۇن ئاياغلىرىنى ئۇدۇلىكى ئورۇندۇقنىڭ تېگىگە تىقىپ، ئارقىغا يۆلەندى. قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ «مارسىل» كۈيىگە ئىسقىرتىشقا باشلىدى.

قار قاتقاچقا، هارۋا ئىتتىكرەك مېڭىشقا باشلىدى. سەپەرنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان كۆڭۈلسىز بىرنەچچە سائىتىدە هارۋىنىڭ قوپال جالاق - جۇلۇق ئاۋازى ئىچىدە مەيلى گۇگۇم پەيتىدە بولسۇن، مەيلى هارۋىنى قاراڭغۇ باسقان چاغدا بولسۇن، كورنېيودې تاكى ئاخىرقى بېكەتكە يەتكۈچە ئۆزىنىڭ بېزەڭلىك بىلەن ئىسقىرتىۋاتقان بىر خىلدىكى ئۆچ ئالغۇچى كۈيىنى زادى توختاتمىدى. ئۇ تولىمۇ چارچىغان ۋە غەزەپلەنگەن بۇ كىشىلەرنى

ئۆزىنىڭ ناخشىسىنى باشتىن ـ ئاياغ ئاڭلاشقا ھەم ناخشا تېكىستىنى يادلىۋېلىشقا مەجبۇر قىلىپ كەلدى.

دونداق توختىماي يىغلايتتى. گاھى ـ گاھىدا ئاھاڭ ئارىلىقىدىكى قىسقا سۈكۈت ئىچىدە قاراڭغۇلۇقتىن ئۆنىڭ ئۆزىنى تۇتالمىغان چاغدىكى يىغانلىق نالىسى ئاڭلىناتتى.

# مارجان

ئۇ مائارىپ مىنىستىرلىقىدا خىزمەت قىلىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك بىر بۆلۈم ئەزاسىنىڭ خوتۇنى ئىدى. ئۇنىڭ ياسىنىشقا پۇلى بولمىغانلىقتىن، ئاددىي كىيىنىپ يۈرەتتى. ئەمما بۇ ئۇنىڭ قەلبىنى ئىنتايىن ئازابلايتتى. ئۆيىنىڭ ئاددىيلىقىنى، تاملىرىنىڭ بېزەكسىزلىكىنى، ئۆي سايمانلىرىنىڭ كونىلىقىنى، كىيىملىرىنىڭ سەت ـ قاملاشمىغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق ئازابلىناتتى. بۇ ئەھۋال مۇبادا باشقا بىرەر خوتۇننىڭ بېشىغا كەلسە، ئېھتىمال، پەرۋا قىلمىغان بولاتتى، لېكىن ئۇنىڭغا بولسا، ناھايىتى زور ئازاب ئېلىپ كەلدى.

ئۇ ھەر قېتىم ئۈچ كۈنگىچە يۇيۇلمىغان داستىخان يېپىلغان يۇمىلاق ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ تاماق يېگىنىدە، ئۇدۇلدا ئولتۇرغان ئېرىنىڭ شورپا قاچىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، تولۇق مەمنۇنىيەت بىلەن: «ۋاھ، نېمىدېگەن مەززىلىك گۆش! دۇنيادا بۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان تاماق بارمىدۇ!...» دېگىنىنى ئاڭلىغاندا، ئاجايىپ مەززىلىك تاماقلار قويۇلغان زىياپەتلەرنى، پارقىراپ تۇرغان كۈمۈش قاچا ـ قۇچىلارنى، ئۈستىگە قەدىمكى قەھرىمانلارنىڭ، خىيالىي ئورمانلاردىكى ئاجايىپ قۇشلار ۋە ھايۋانلارنىڭ سۈرەتلىرى

كەشتىلەنگەن گىلەملەر ئېسىلغان مېھمانخانىلارنى، نە-پىس، قىممەت باھالىق فارفور تەخسىلەردىكى نازۇنېـ-مەتلەرنى..... خىيال قىلاتتى.

ئۇنىڭ كۆركەم كىيىمى، نە زىبۇزىنىنىتى يوق ئى-دى. ئۇ بولسا پەقەت شۇلارنىلا ياخشى كۆرەتتى؛ ئۆزد-ىنىمۇ ئاشۇ نەرسىلەردىن ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈنلا يارالغان دەپ ھېس قىلاتتى. ئۇ دائىم ئەرلەرگە ياخشى كۆرۈ-نۇشنى، ئاياللارنىڭ زوقىنى كەلتۈرۈشنى، نازاكەتلىكى بىلەن ھەممە يەردە ئالقىشقا ئېرىشىشنى ئەڭ ئارزۇ قى-لاتتى.

ئۇنىڭ مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان، پۇلدار بىر قىز دوستى بار ئىدى. ئەمما ئۇ ھازىر ئۇنى زادىلا يوقلاپ بارغۇسى كەلمەيتتى. چۈنكى ھەر قېتىم ئۇنى يوقلاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىنتايىن ئازابلىناتتى. ئۆ-زىنى ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۆزى ھەقىقەتەن بەكمۇ جاپا ـ مۇشەققەتكە قالغاندەك ھېس قىلاتتى.

بىر كۈنى كەچتە ئۇنىڭ ئېرى ئۆيگە بىر دانە چوڭ كونۋېرتنى تۇتقان پېتى ناھايىتى مەمنۇن ھالدا كىرىپ كەلدى.

ـــ مانا قارا! ـــ دېدى ئېرى، ـــ بۇ يەردە ساڭا ئاتىـ-غان بىر نەرسە بار.

ئۇ ئالدىراپ كونۋېرتنى يىرتتى، بۇ ئەسلىدە مائارىپ مىنىستىرى ئۆتكۈزگەن تانسا كېچىلىكىنىڭ باغىقى

ئىدى.

ئۇ ئېرىنىڭ ئويلىغىنىدەك خۇشال بولمىدى. ئۇ خاپا هالدا باغاقنى ئۇستەلگە تاشلاپ قويدى:

— مەن ئۇ يەرگە نېمە كىيىپ بارىمەن؟ — دېدى ئۇ تېرىككەن هالدا.

بۇنى ئېرى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى، شۇڭا ئۇ، دۇدۇقلاپ:

— هېلىقى تىياتىرغا بارغاندا كىيىدىغان كۆڭلەكىڭچۇ؟ ئۇ خېلى ياخشى ئىدىغۇ...، — دېدى.

ئۇ خوتۇنىنىڭ يىغلىغانلىقىنى، ئىككى تامچە ياشنىڭ كۆز چانىقىدىن چىقىپ ئاستا ئېقىپ كالپۇ-كىغا چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي، دۇدۇقلىغىنىچە:

—نېمە بولدۇڭ؟ نېمە بولدۇڭ؟—دېيەلىدى.

—هېچنېمە، كىيىدىغان تۈزۈكرەك كىيىمىم يوق، تانسا كېچىلىكىگە بارالمايمەن، بۇ تەكلىپنامىنى خو-تۇنى مېنىڭدىن ياخشى كىيىنەلەيدىغان بىرەر خىزمەت-دىشىڭغا ئاپىرىپ بەرگىن.

ئېرى ئوڭايسىزلىنىپ قالدى:

— ماتىلدا، باشقا سورۇنلاردىمۇ كىيىشكە بولىدى-غان، ئىنتايىن ئاددىي بىر قۇر مۇۋاپىق كىيىم تىك-تۈرسەك، قانچە پۇلغا پۈتەر؟—دېدى ئېرى خوتۇنىغا مەسلىهەت سېلىپ.

خوتۇنى قانچە دېسە بۇ ئىقتىسادچان بۇلۇم ئەزاسىنى چۆچۈتۈپ قويمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، بىردەم جىمىپ قالدى. ئاخىر بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ:

— ئېنىق سانىغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن، مېنىڭچە تۆت يۈز فرانك بولسا يېتەر، — دېدى.

ئېرىنىڭ چىرايى سەل تاتىرىپ كەتتى. لېكىن ئۇ يەنىلا مۇنداق دېدى:

— مۇنداق بولسۇن، مەن ساڭا تۆت يۈز فرانك بې-رەي، بىراق سەن بۇ كىيىمنى چىرايلىقراق تىكتۈر-گىن.

تانسا كېچىلىكىنىڭ ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالدى. لېكىن لاۋازىل خانىم كۆڭۈلسىز، غەمكىن كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ كىيىمىمۇ پۈتتى. بىر كۈنى كەچتە ئېرى ئۇ-نىڭدىن سورىۋىدى، ئۇ:

— بىرەر تال مەرۋايىت، ياقۇت چاغلىق نەرسەمنىڭ يوقلۇقى مېنى قايغۇغا سېلىپ قويدى. ھەقىقەتەن بەكلا چۈپەي بولۇپ قالدىم، بۇ تانسا كېچىلىكىگە زادى قات-ناشقۇم كەلمەيۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

— بىرنەچچە تال گۈل تاقىۋالساڭمۇ بولار، — دېدى ئېرى نەسىھەت قىلىپ، خوتۇنى ماقۇل بولمىدى.

ئۇنىڭ ئېرى توساتتىن ۋارقىرىۋەتتى:

— سەن تازا ھاماقەتسەن - دە! دوستۇڭ فورېستى خېنىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مەرۋايىت ياكى مارجان ئارىيەت

ئېلىپ تۇرسالڭ بولمامدۇ، سەن ئۇنىڭ بىلەن خېلى يې-
قىن ئۆتىسەنغۇ، بۇنچىلىك ئىشنى ھەل قىلغىلى بولارا!
خوتۇنى خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋەتتى:
— ۋاي راست، شۇ يادىمغا كەلمەپتۇ!
ئەتىسى ئۇ دوستىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قىيىنچىلىقىنى
ئېيتتى، فورېستى خانىم ئەينەكلىك ئىشكاپنىڭ يېنىغا
بېرىپ، ئىچىدىن زىبۇزىنىنەت ساندۇقىنى ئېلىپ ئاچتى-
دە، لاۋازېل خانىمغا:
— خالىغىنىڭنى ئال، سۆيۈملۈكۈم، — دېدى.
ئۇ ئالدى بىلەن بىرقانچە بىلەزۈكنى، ئاندىن بىر دانە
مەرۋايىت مارجاننى، چۆرىسىگە ياقۇتلار قويۇلغان ۋېنېت-
سىيە پاسونىدا ناھايىتى نەپىس ئىشلەنگەن مەرۋايىت ئور-
نىتىلغان ئالتۇن كرېستنى كۆردى. ئۇ ئەينەك ئالدىدا بۇ
زىبۇزىنىنەتلەرنى تاقاپ كۆرۈپ، قايسىسىنى ئېلىپ، قاي-
سىسىنى قويۇشنى بىلمىدى. ئۇ تىنماي:
— يەنە باشقىسى يوقمۇ؟ — دەپ سوراپ تۇراتتى.
— بار، ئۆزۈڭ كۆرۈپ باققىن. ساڭا قايسىسىنىڭ
يېقىشىنى مەن نەدىن بىلەي. ئۇ بىردىنلا قارا تاۋار قۇتا
ئىچىدىن چىرايلىق برىليانت مارجاننى كۆرۈپ قېلىپ،
خۇشاللىقىدىن يۈرىكى ئويناپ كەتتى. ئۇ تىترەپ تۇرغان
قوللىرى بىلەن ھېلىقى مارجاننى ئېلىپ، بويىنىغا تاقىدى
ۋە ئەينەككە قاراپ روھلىنىپ كەتتى.
— مۇشۇ مارجىنىڭنى بېرىپ تۇرامسەن، پەقەت مۇ-



شۇنىلا، — دېدى ئۇ ھەم تىت ـ تىت بولۇپ، ھەم ئىككىلىنىپ.

— ئەلۋەتتە بولىدۇ.

ئۇ دوستىنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى ۋە بۇ ئېسىل بۇيۇمنى ئېلىپ يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى.

تانسا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلگەن كۈنى لاۋازىل خانىم بارلىق ئاياللاردىن چىرايلىق، نازاكەتلىك بولۇپ، لەۋلىرىدە كۈلكە ئوينايتتى، ئۇ ئەسەبىيلەرچە شادلىققا چۆمۈلگەنىدى. بارلىق ئەرلەر ئۇنىڭغا تىكىلىشىپ قارىشاتتى. مىنىستىر ئىشخانىسىدىكى بارلىق خادىملارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تانسا ئوينىغۇسى بار ئىدى، ھەتتا مىنىستىرمۇ ئۇنىڭغا دىققەت قىلدى. ئۇ شادلىقتىن مەست بولدى. ئۇنىڭ گۈزەللىكى ھەممىدىن غالىب كەلدى، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى نۇرغا چۆمۈلدى.

ئۇ ئەتىگەن سائەت تۆتلەردە قايتتى. ئۇنىڭ ئېرى سوغۇق تېگىپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ، ئالغاچ كەلگەن چاپاننى ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئارتىپ قويدى. بۇ ئاددىي كىيىم بولۇپ، بۇ كىيىمنىڭ سەتلىكى تانسا كېچىلىكىدىكى ئازادە كىيىملەرگە زادى ماس كەلمەيتتى. ماتىلدا قىممەت باھالىق جۇۋىلارنى كىيگەن ئاياللارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، دەرھال دەرۋازىدىن يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ كەتتى.

ئۇلار سېنا دەرياسىنى بويلاپ مېڭىۋەردى، ئۇلار سو-

غۇقتىن تىترىشەتتى، ئاخىر دەريا بويىدا بىر كونا هارۋىنى يولۇقتۇرۇپ، شۇنىڭغا ئولتۇرۇپ ئۆيىگە قايتىشتى. ئۇلار ئۇن- تىنسىز ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. خوتۇنى ئۇچۇن زور بىر ئىش تامام بولغانىدى، ئېرى بولسا سائەت ئوندا مىنىستىرلىقتا ئىشقا بېرىشنى ئويلايتتى.

ماتىلدا ئۆزىنى گۈزەل تۇرقىدا يەنە بىر كۆرمەكچى بولۇپ، ئەينەك ئالدىغا بېرىپ، ئۇستىدىكى كىيىمنى يەشتى. بىراق ئۇ تويۇقسىز ۋارقىرىۋەتتى، چۈنكى بويىنىدىكى بىرلىيانت مارجان كۆرۈنمەيتتى.

— ماتىلدا، نېمە بولدى؟ —دېدى يېشىنىۋاتقان ئېرى.

ئۇ بەك قورقۇپ كەتكەنىدى، ئۇ دەرهال بۇرۇلۇپ:

— مەن... مەن... مەن فورېستى خانىمنىڭ مارجىنىنى يوقىتىپ قويدۇم، — دېدى.

ئېرى هودۇقىنىدىن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.

— نېمە!.....نېمە دەيسەن؟.... بۇ مۇمكىن ئەمەس!

ئۇلار كىيىملىرىنىڭ ۋە پەلتولىرىنىڭ ئىچىنى ۋە بارلىق يانچۇقلىرىنى بىر قېتىم ئاختۇرۇپ چىقتى، لېكىن تېپىلمىدى. ئۇلار يولدىكى ئەھۋاللارنى بىر قېتىم ئەسلەپ چىقتى، لېكىن نەتىجىسى بولمىدى.

ئۇلار قايغۇ- ئەلەم ئىچىدە ئۇزاققىچە بىر- بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى.

ئاخىر لاۋازىل كىيىملىرىنى يېڭىۋاشتىن كىيىپ، هېلى پىيادە باسقان يولنى ئىزدەپ باققىلى چىقىپ كەتتى.



ماتىلدا تانىسىدا كىيگەن كىيىمىنى كىيگەن پېتىچە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپلا قالدى. ئەتىگەن سائەت يەتتىلەردە ئېرى يېنىپ كەلدى، بىراق ئۇ ھېچنېمىنى تاپالمىغانىدى.

كېيىن ئۇ ساقچى ئىدارىسىگە باردى، ھەممە گېزىت-خانىلارغا بېرىپ گېزىتكە ئېلان چىقىرىپ، تېپىپ بەر-گۈچىلەرگە سۆيۈنچە بېرىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى ۋە كىرا ھارۋىسى توختايدىغان جايلارنىڭ ھەممىسىگە بېرىپ ئىزدەپ باقتى. ئومۇمەن تېپىلىش ئېھتىماللىقى بار يەر-نىڭ ھەممىسىگە بېرىپ باقتى.

خوتۇنى بېشىغا كەلگەن بۇ بالادىن گاراڭ بولۇپ، كۈن بويى قورقۇنچ ۋە ئەندىشە ئىچىدە ئېرىنى كۈتتى.كەچقۇ-رۇنلۇقى لاۋازىل تامدەك تاتارغان ھالدا مارجانىنىڭ ھېچ دېرىكىنى ئالالماي قايتىپ كەلدى.

— دوستۇڭغا خەت يېزىۋېتىشىڭ كېرەك! — دېدى ئۇ، — مارجانىنىڭ ئىلمىكى سۇنۇپ كەتتى، رېمونت قىل-دۇرۇشقا بەردۇق، دەپ ئېيتقىن، مۇنداق قىلساق، بىرئاز ئامال قىلىشقا ۋاقتىمىز بولىدۇ.

بىر ھەپتە ئۆتتى. ئۇلارنىڭ بارلىق ئۈمىدى يوققا چىقتى.

بىراقلا بەش ياش قېرىپ كەتكەندەك بولۇپ قالغان لا-ۋازىل:

— شۇ مارجاندىن بىرنى سېتىۋېلىپ تۆلەپ بەرمەك-تىن باشقا ئامال يوق، — دېدى.

ئىككىنچى كۈنى ئۇلار مارجاننىڭ قۇتىسىنى ئېلىپ، قۇتىدىكى ماركا نومۇرى بويىچە مەرۋايىت، ياقۇت ساتىدىغان دۇكاننى تاپتى. خوجايىن دېپتەرلەرنى ئاختۇرۇپ كۆرۈپ:

— خانىم، مارجاننى مەن ساتقىنىم يوق، مۇشۇ قۇتىنىلا سېتىپ بەرگەنىدىم، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يوقالغان مارجانغا ئوخشايدىغان مارجان تېپىش ئۈچۈن، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ دۇكانمۇ دۇكان قاتراپ، ئۆلەر ھالەتكە يەتتى.

ئۇلار خان سارىيى كوچىسىدىكى بىر دۇكاندىن خۇددى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر مارجاننى كۆردى. ئۇ قىرىق مىڭ فرانك ئىدى. دۇكان خوجايىنى ئەرزانلىتىپ ئوتتۇز ئالتە مىڭ فرانكقا بەرمەكچى بولدى.

لاۋازىلنىڭ ئاتىسىدىن قالغان ئون سەككىز مىڭ فرانك پۇلى بار ئىدى، قالغىنىنى قەرز ئېلىشقا توغرا كېلەتتى.

شۇنداق قىلىپ لاۋازىل ئۇنىڭدىن مىڭ فرانك، بۇنىڭدىن بەش يۈز فرانك، بۇ يەردىن بەش لۇيى* قەرز ئالدى. ئۇ نۇرغۇنلىغان قەرز ھۆججەتلىرىگە قول قويدى، ئۇنى ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىتىدىغان بىرمۇنچە توختاملارنى تۈزدى، نۇرغۇنلىغان جازانىخورلار ۋە ھەرخىل ئىجارىخورلار

*بىر لۇيى 20 فرانكقا تەڭ.

بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئۇ كېيىنكى يېرىم ئۆمرىنى نابۇت قىلدى. ئۇ قەلبىگە تولغان تەھدىت ئالدىدا ئوتتۇز ئالتە مىڭ فرانكنى دۇكاننىڭ پەشتاختىسىغا قويۇپ، ھېلىقى يېڭى مارجاننى سېتىۋالدى.

لاۋازىل خانىم مارجاننى ئاپىرىپ بەرگەن چاغدا فورېستى خانىم ئۇنىڭغا:

— بۇرۇنراق ئەكىلىپ بەرگىنىڭدە مەنمۇ بۇرۇنراق ئىشلەتكەن بولار ئىدىم، — دېدى ئىنتايىن نارازى كەيپىياتتا.

فورېستى خانىم قۇتىنى ئېچىپ كۆرمىدى. دوستىمۇ ئۇنىڭ قۇتىنى ئېچىپ كۆرۈشىدىن ئەنسىرەپ تۇراتتى. مۇبادا قۇتىنى ئېچىپ كۆرۈپ ئورنىغا باشقىسىنى ئەكەلگەنلىكىنى بىلىپ قالسا، ئۇ نېمىلەرنى ئويلىشى مۇمكىن؟ نېمىلەرنى دەر؟ ئۇ ئۆزىنىڭ دوستىنى ئوغرى دېمەسمۇ؟

لاۋازىل خانىم كەمبەغەللەرنىڭ مۇشەققەتلىك تۇرمۇشىنى چۈشىنىپ يەتتى. قەرزلەرنى ئامال قىلىپ تۆلەش لازىم ئىدى. ئۇ مالاي قىزنى قايتۇرۇۋەتتى، ئولتۇرۇشلۇق بىناسىدىن كۆچۈپ چىقىپ، بىنانىڭ كىچىك بىر بالىخانىسىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇردى.

ئۇ ئائىلىسىدىكى بارلىق قاتتىق- قۇرۇق ئىشلارنى ۋە ئاشخانىدىكى ھەممە پارچە- پۇرات ئىشلارنى قىلىشنى ئۆ-

گەندى. قاچا- قومۇچ، داس ۋە قازانلارنى يۇيۇپ يۇرۇپ، ئۇ- نىڭ ئەتىرگۇل رەڭگىدىكى بارماقلىرىنىڭ رەڭگى ئۆچتى. ئۇ كىيىم- كېچەكلەرنى، دەسماللارنى يۇيۇپ ئارغامچىلارغا ئاساتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئەخلەتنى كوچىغا ئاچىقىپ تۆكۈپ، ئارقىدىن سۈنى تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئېلىپ چىقـ- قۇچە ھەر قەۋەتتە توختاپ، ھاسىراپ دېمىنى ئالاتتى. ئۇ خۇددى كەمبەغەل ئاياللاردەك كىيىنەتتى. بېلىكىگە سېۋەت ئېسىۋېلىپ باققالچىلىق، مىلچىمال، گۆش دۇكانلىرىغا بېرىپ باھا تالىشىپ، قىينچىلىقتا تاپقان پۇلنى بىر يارماق- بىر يارماقتىن ئىقتىساد قىلاتتى.

ئۇلار ئايمۇئاي بىر تۈركۈم قەرزلىرىنى قايتۇراتتى. ئۇنىڭ ئېرى ئاخشىمى يېرىم كېچىگىچە بىر سودىگەرنىڭ ھېساباتلىرىنى كۆچۈرۈپ بېرىپ، بىر بېتى ئۈچۈن ئاران بەش يارماق ئالاتتى.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئون يىلنى ئۆتكۈزدى. ئونىنچى يىلنىڭ ئاخىرىدا قەرزلىرىنى تۆلەپ بولدى.

لاۋازىل خانىم ئەمدىلىكتە قېرىپ، كەمبەغەل ئائىلە- نىڭ جاپاكەش خوتۇنلىرىغا ئوخشاپ قالدى. ئۇ چاچلىرىنى قالايمىقان تۈرۈپ، يوپكىلىرىنى قىڭغىر- سىڭغىر كى- يىپ، قوللىرىنى قىزارتقىنىچە يوغان بىر چېلەك سۇ بىلەن تاختاي يۇيىدىغان بولدى، لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا ئېرى خىزمەتكە كېتىپ ئۆزى يالغۇز قالغىنىدا، دېرىزە ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى تانسا كېچىسىنى،

شۇ كىچىدە ئۆزىنىڭ شۇ قەدەر چىرايلىق، شۇ قەدەر جەلپكار بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ كېتەتتى.

بىر يەكشەنبە كۈنى ئۇ بىر ھەپتىلىك ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن باغچىغا سەيلە قىلغىلى چىققانىدى، توساتتىنلا بىر ئايالنىڭ بىر بالىنى يېتىلەپ سەيلە قىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ فورېستى خانىم بولۇپ، ھېلىمۇ شۇنداق ياش ۋە چىرايلىق ئىدى. لاۋازىل خانىم ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ كەتتى-دە، ئۇنىڭ ئالدىغا باردى:

— ياخشىمۇسىز، ژېننى.

ئۇ لاۋازىل خانىمنى زادىلا تونۇيالماي قالدى. بىر ئاددىي ئايالنىڭ مۇنداق يېقىنچىلىق بىلەن چاقىرىشى ئۇنى ئىنتايىن چۆچۈتىۋەتتى. ئۇ لاۋازىل خانىمنى تونۇ-يالمىدى. ئۇ:

— مەن ماتىلدا لاۋازىلمەن، دېگەندىلا، ئۇنىڭ دوستى ۋارقىرىۋەتتى:

— ھەي بىچارە ماتىلدام-ئەجەب ئۆزگىرىپ كې-تىپسەنغۇ! ...

— ھەئە، شۇ قېتىم كۆرۈشكىنىمىزدىن كېيىن، مەن نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى تارتتىم .... ھالبۇكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى سەن ئۈچۈن بولدى! ...

— مەن ئۈچۈن؟...... بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— مائارىپ مىنىستىرلىقىدە ئۆتكۈزۈلگەن تانسىغا تاقاپ بېرىش ئۈچۈن ماڭا بېرىپ تۇرغان بىرىلىيانت مارجىنىڭ يادىڭىزدىمۇ؟ مەن ئۇنى يوقىتىپ قويدۇم. مەن ساڭا سېنىڭ مارجىنىڭغا ئوخشاش باشقا بىرىنى ئېلىپ بەرگەنىدىم. ئون يىل ۋاقتىمىزنى سەرپ قىلىپ ئۇنىڭ قەرزىنى تۆلەپ بولدۇق. مانا ئەمدى قۇتۇلدۇق، مەن نا-هايىتى خۇشال.

فورېستى خانىم هاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

— مېنىڭ مارجىنىمنىڭ ئورنىغا بىرىلىيانت مارجان ئېلىپ تۆلەپ بەردىم دېدىڭمۇ؟

— هەئە، سەن بايقىمىدىڭمۇ؟ ئۆزىمۇ بەك ئوخ-شايتتى، — لاۋازىل خانىم شۇنداق دېدى-دە، سەمىمى-يەت بىلەن مەمنۇن بولغان هالدا كۈلۈپ كەتتى.

فورېستى خانىم هاياجانلىنىپ ئۇنىڭ ئىككى قو-لىدىن تۇتۇۋالدى ۋە:

— هەي! بىچارە ماتىلدام! مېنىڭ ئۇ مارجىنىم جا مارجان ئىدى، كۆپ بولسا بەش يۈز فرانكقا يارايت-تى!..... — دېدى.

# بىر ئائىلە كىشىلىرى

نايىغا قاراپ يولغا چىققان پويىز يېڭىلا مايومىندىن ئۆتۈپ، ھازىر سىنا دەرياسى قىرغىقىغا بارىدىغان چوڭ كوچىدا چاپماقتا ئىدى. ياز ئاخشىمىنىڭ تىنچىق ھاۋا-سى چوڭ كوچىنى قاپساپ تۇراتتى، يول بويى تۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىشىك ئالدىدا ھاۋالىنىۋاتقانلىقىنى كۆر-گىلى بولاتتى.

پويىزنىڭ سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولغاچقا، ھەممە دېرىزىلەرنىڭ پەردىلىرى لەپىلدىمەكتە ئىدى. ۋاگوندا بىرنەچچىلا ئادەم بار ئىدى. بەزىلىرى كۈلكىلىك ياسى-نىۋالغان سىمىز خېنىملار، شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ئائىللىرى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىگە باب كەلمەيدىغان تەكەببۇرلۇق بىلەن ئۆزلىرىدىكى گۈ-زەللىك ۋە ئېسىلزادىلىك كەمتۈكلۈكىنى تولدۇرغانىدى. بەزىلىرى ئىشخانا تۇرمۇشىدىن بىزار بولغان ئەپەندىلەر بولۇپ، يۈزلىرى تاتارغان، بەللىرى مۈكچەيگەن، چىراي-لىرى غەمكىن ئىدى.

پاكار، سىمىز كەلگەن، يۈزلىرى ئىششىغان، بادالڭ قورسىقىنى كېرىلگەن پۇتلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ساڭ-گىلىتىۋالغان، قارا كىيىم كىيگەن، چۈچىلىق ئوردېن

ئېسىۋالغان بىر ئادەم ئىشىككە يۆلەنگىنىچە ئاق بىرىـ زىنتتىن تىكىلگەن پاسكىنا كىيىم، كونا پانامىا چىغ قالپىقى كىيگەن، چاچ ـ ساقاللىرىنى ئالدۇرماي ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن، ۋىجىك بىر ئادەم بىلەن پاراڭلاشماقتا ئىدى. ئالدىنقى بىرى دۇدۇقلاپ سۆزلىگەچكە، كىشىلەرگە كېكەچ ئوخشايدۇ، دېگەن تۇيغۇنى بېرەتتى، ئۇ، دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇدىر بۆلۈم ئەزاسى كالاۋان ئەپەندىم ئىدى. كېيىنكى بىرى بولسا، ئەسلىدە بىر سودا پاراخوـ تىدىكى سانىتار بولۇپ، ھەرياندا دوقۇرۇپ يۈرۈپ توپلىغان ئاز ـ تولا تېببىي بىلىمىگە تايىنىپ، شۇ يەردىكى نامرات ئاھالە ئارىسىدا دوختۇرلۇق قىلاتتى. ئۇنىڭ فامىلىسى شارنا بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى «دوختۇر» دەپ ئاتىشاتتى. شۇ يەرلىك كىشىلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ ئەخلاقى توغرىلىق خېلى كۆپ سۆز ـ چۆچەكلەر بار ئىدى.

كالاۋان ئەپەندى ئەزەلدىن ھۆكۈمەت مەمۇرىيلىرىغا خاس ئۆلچەملىك تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەنىدى. 30 يىلـ دىن بۇيان ئوخشاش يولدا مېڭىپ ئىشقا باراتتى، ئوخشاش ۋاقىتتا، ئوخشاش ئورۇندا، ئوخشاش ئىشقا كېتىۋاتقان ئاـ دەملەرنى كۆرەتتى؛ ئۇ ھەر كۈنى كەچتە، ئوخشاش لىنىـ يىنى بويلاپ ئۆيىگە قايتاتتى ھەم كۆز ئالدىدا قېرىپ كېتىۋاتقان ھېلىقى ئوخشاش يۈزلەرنى ئۇچرىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىرلا خىل تۇرمۇش قانۇنىيىتىنى ئۆزگەرتىدىغان بىرەر ئىش ئەزەلدىن يۈز بېرىپ باققىنى يوق ئىدى؛ بۆـ

لۇمىنىڭ ئىشلىرىدىن، دەرىجە ئۈستۈرۈش ۋە مۇكاپاتتىن باشقا ئىشلارغا ئۇ ئەزەلدىن كۆڭۈل بۆلۈپ باقمايتتى. مەيلى مىنىستىرلىقتا بولسۇن ياكى ئائىلىدە بولسۇن، ئۇ ھۆكۈمەت ئىشلىرى توغرىلىقلا سۆزلەيتتى. ھازىر ئۇ قېرىپ كەتتى، بىراق ئۇ ئۆز ئۆمرىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە دىققەت قىلمايتتى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپلا، بىۋاستە ئىشخانىغا قەدەم باستى، ئۇ بۇرۇن نازارەتچىلەردىن قورقاتتى، ئەمدىلىكتە ئاچچىقى يامان باشلىقلىرىدىن قورقىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئادەمنى كۆرسىلا قورۇنۇپ ئەنسىرەيدىغان، قول قوۋۇشتۇرۇپ خوش، دەپ تۇرىدىغان تۇرقى ۋە نېرۋا مىجەزلىك دۇدۇقلاپ سۆزلەيدىغان ھالىتى، ئۇزاق مۇددەتكىچە داۋاملىشىپ كەلگەن قورقۇش روھىي ھالىتىنىڭ كاساپىتىدىن شەكىللىنىپ قالغانىدى.

پويىز ۋوگزالغا يېتىپ كەلدى.

كالاۋان گوربوۋا مەيدانىغا يېقىن ئۈچ قەۋەتلىك بىنادىكى بىر كىچىك ئۆيدە تۇراتتى. بىنانىڭ ئاستىنقى قەۋەتىدە ساتىراشخانا بار ئىدى. ئۇنىڭ تۇرالغۇسىدا ئىككى ياتاق ئۆي، بىر تاماقخانا ۋە بىر ئاشخانا بار ئىدى، رېمونت قىلىنغان بىرقانچە ئۇستەل ئېھتىياجغا ئاساسەن، بۇ ئۆيدىن ئۇ ئۆيگە كۆچۈپ تۇراتتى. كالاۋان ئانىسىنى ئۇستۇنكى قەۋەتكە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. پىنسىقلىقتا داڭق چىقارغان بۇ موماي ئورۇقلاپ بىر تېرە بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغا-

ىدى، مىجەزىمۇ ناھايىتى ئوسال بولۇپ، ئۇنىڭ تاكاللاشمايدىغان، چىچىلمايدىغان بىرەر كۈنى يوق ئىدى. دېرىزە ئالدىدا تۇرۇپ ئىشىكى ئالدىدىكى قوشنىلىرىنى، كۆكتات ساتقۇچىلارنى، كوچا تازىلىغۇچىلارنى ۋە بالىلارنى تىللايتتى. ئائىلىدىكى ئىشلارنى دېدەك قىز قىلاتتى. ئۇ نورماندىيىلىك بولۇپ، بىپەرۋالىقىغا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۇ ئۇچىنچى قەۋەتتە مومايغا ھەمراھ بولۇپ ياتاتتى.

كالاۋان ئائىلىسىگە قايتقاندا، ئۇنىڭ تازىلىق خۇمار ئايالى بىر پارچە دەسمال بىلەن نەچچە ئۆيگە تارقالغان شاپتۇل گۈللۈك ياغاچ ئۇستەللەرنى سۈرتۈۋاتاتتى. ئۇ ھەمىشە قولىغا يىپ پەلەي، بېشىغا لېنتا قادالغان ئۆي ئىچىلىك بۆكنى كىيىۋالاتتى، بۆكى بولسا، ھەمىشە بىر تەرەپكە سىيرىلىپ قۇلىقىنىڭ ئۇستىگە چۈشۈۋالاتتى. ئۇ ئۆي جابدۇقلىرىغا لاك بېرىۋاتقان ياكى ئۇلارنى چوتكىلاپ، سۈرتۈۋاتقان ۋە ياكى يۇيۇۋاتقان چاغلىرىدا باشقىلار دوقۇرۇشۇپ قالسا، ئۇ ھەمىشە: «مەن پۇللۇق ئادەم ئەمەس، ئائىلەمدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئاددىي، بىراق، تازىلىق مەن ئۈچۈن راھەت- پاراغەت، ئۇ، ئوخشاشلا قىممەتكە ئىگە» دەيتتى. ئۇ ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بېرەتتى ۋە ئۆزكۆز قارىشىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇراتتى. ئۇ ھەرقانداق ئىشتا ئېرىگە يول كۆرسىتەتتى. ئۇلار ھەر كۈنى كەچتە، تاماق شىرەسىدە، ئۇنىڭدىن كېيىن كارىۋاتتا ئاغزى بېسىقماستىن ئىشخانىدىكى ئىشلار توغرىسىدا سۆزلىشەتتى. گەرچە ئۇ ئېرىدىن يىگىرمە ياش كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ گويا بىر پوپتەك، ئېرى ھەممىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ

بىرەتتى، شۇنداقلا ھەممە ئىشنى ئۇنىڭ پىكرى بويىچە قىلاتتى. بۇ ئايال ئەزەلدىن گۈزەل تۇس ئېلىپ باقمىغان؛ ھەم پاكار، ھەم ئورۇق، ناھايىتى كۆرۈمسىز دېيىشكىمۇ بولاتتى. ئۇنىڭ يوپكىسى ئۇزۇلۇكسىز بىر تەرەپكە قىيسىيىپ قالغاندەكلا كۆرۈنەتتى؛ بەلكى ئادەم بار ياكى يوق دېمەي، ھەمىشە ئۆزىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىنى تۇتۇپ قويىدىغان، تاتىلاپ قويىدىغان يامان ئادەتكە ئادەتلەنگەنىدى.

ئۇ ئۆز ئېرىنى كۆرگەن ھامان بېلىنى رۇسلاپ، ئېرىنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ:

— مىنىستىرلىقتا ھېچقانداق يېڭى خەۋەر يوقمۇ؟ — دەيتتى.

— نېمىشقا يوق بولسۇن، يەنە كېلىپ كاتتا يېڭى خەۋەر بار! يەنە بىر ئادەم مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى بولدى.

ئۇنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ:

— قايسى بۆلۈمنىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— دۆلەت سىرتىدىن سېتىۋېلىش بۆلۈمىنىڭ.

ئۇ دەرغەزەپ بولۇپ:

— ئۇنداقتا، رامونىنىڭ ئورنىكەنغۇ، ئۇ دەل مەن سېنى ئېرىشسىدۇ دەپ كېلىۋاتقان ئورۇن ئىدى. رامونچۇ؟ ئۇ پېنسىيىگە چىقتىمۇ؟ — دېدى.

ئېرى مۇجمەل قىلىپ:

— پېنسىيىگە چىقتى، — دەپلا قويدى.

ئايالى ناھايىتى چېچىلىپ كەتتى، ئۇنىڭ بۆكىمۇ

سىيرىلىپ مۇرىسىگە چۈشۈپ قالدى، ئۇ ئۇلاپلا:
— توۋىدى، قارا، بۇ ئالۋاستى يامۇلغا، ھېچقانداق ئۈمىد قالمىدى، — دېدى.
بىردەمدىن كېيىن، ئۇ ئاستا ئېڭىكىنى قاشلاپ غۇدۇراپ:
— بىزگە تونۇش بىر پالاتا ئەزاسى بولغان بولسا، ياخشى بولاتتى! پالاتا مىنىستىرلىقتا يۇز بەرگەن ئىشلارنى بىلسىلا، ھېلىقى مىنىستىر تەختتىن بىراقلا غۇلىغان بولاتتى....، — دېدى.
بىنانىڭ پەلەمپىيدىن ۋاراڭ- چۇرۇڭ ئاڭلىنىپ، ئۇلارنىڭ كېپىنى بۇلۇۋەتتى. كالاۋاننىڭ قىزى بىلەن ئوغلى — مارى لۇيىس بىلەن فىلىپ ئاۋگۇست كوچىدىن قايتىپ كەلگەنىدى، ئۇلار ھەر بىر پەلەمپەي ئاتلىغاندا، بىرى بىرىنى بىر شاپىلاق ئۇرسا، يەنە بىرى بىرىنى تېپەتتى. ئۇلارنىڭ ئانىسى دەرغەزەپ بولۇپ ئېتىلىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ بىلەكلىرىدىن تۇتۇپ كۈچ بىلەن سىلكىدى- دە، ئۆيگە ئىتتىردى. ئۇلار ئاتىسىنى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭغا ئېتىلدى- دە، ئاتىسى ئۇلارنى مېھرى بىلەن سۆيۈپ، قۇچىقىغا ئېلىپ تىزىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇلار بىلەن مۇڭدىشىپ كەتتى.
فىلىپ ئاۋگۇست كۆرۈمسىز بالا ئىدى، چاچلىرى چاڭگىلىشىپ كەتكەن، بەدىنىنىڭ بىرمۇ پاكىز يېرى يوق، چىرايىمۇ دەلدۈشكىلا ئوخشايتتى. مارى لۇيىس تۇرقىدىن ئانىسىغىلا ئوخشايتتى، گەپ- سۆزىمۇ، ھەتتا



ئۇنىڭ قول ھەرىكەتلىرىمۇ ئانىسىغا ئوخشايتتى. ئۇمۇ: «مىنىستىرلىقتا نېمە يېڭى خەۋەر بار؟» دەپ سورىدى. ئاتىسى خۇشاللىق بىلەن: — ھەر ئايدا كېلىپ تاماق يەيدىغان ھېلىقى دوستۇم رامون بىزدىن ئايرىلىپ كەتكىلى ۋاتىدۇ قىزىم، يېڭىدىن تەيىنلەنگەن بىر مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى ئۇنىڭ ئورنىنى ئۆتكۈزۈۋالدى، — دېدى. قىزى بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاتىسىغا قاراپ، بالدۇر يېتىلگەن بالىلاردىلا بولىدىغان ھېسداشلىق تەلەپپۇزىدا:

— بۇنداقتا، يەنە بىر ئادەم سىزنىڭ دۇمبىڭىز ئۇستىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ-دە، — دېدى. ئاتىسىنىڭ چىرايىدىن كۈلكە ئۆچۈپ، جاۋاب قايتۇرمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ گەپنى بۆلۈپ، ئەينەك سۈرتۈۋاتقان ئايالىدىن: — ئانام ئۇستۇنكى قەۋەتتە ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

كالاۋان خېنىم قولىدىكى ئىشنى قويۇپ قويۇپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، لەۋلىرىنى قىيسايتقىنىچە:

— ياخشى! ئىككىمىز ئاناڭ ھەققىدە سۆزلىشىپ باقايلى! ئاناڭ مەن بىلەن تازا جېدەللەشتى! ئويلاپ باققىن، ساتىراشنىڭ ئايالى لىبودان خېنىم ھېلى بىناغا چىقىپ مېنىڭدىن بىرنەرسە ئۆتنە ئالماقچى بولغان ئىكەن، دەل شۇ چاغدا مەن سىرتقا چىقىپ كېتىپتىمەن، ئاناڭ خۇددى قەلەندەرگە تاقابىل تۇرغاندەك، ئۇنى قوغلىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەنمۇ بۇ قېرىنى ئەدەپلەپ قويدۇم، ئۇ ئاڭلىمىغان بولۇۋالدى-دە، شۇئان ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ ئۆز ئۆ-

يىگە كىرىپ كەتتى، ــ دېدى.

كالاۋان بىچارىلەرچە ھالەتتە گەپ قىلالمايلا قالدى. دەل مۇشۇ چاغدا دېدەك قىز كىرىپ كەلدى ـ دە، كەچلىك تاماقنىڭ تەييار بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. كالاۋان ئە. پەندى بۇلۇڭدا تۇرغان سۇپۇرگە دەستىسىنى ئېلىپ تو. رۇسنى ئۈچ قېتىم چوقۇم ئانىسىغا ئۇقتۇرۇش قىلدى. كالاۋان خېنىم شورپىنى ئۇسۇپ ومايىنىڭ چۇشۇشىنى كۈتتى، كۈتۈۋېرىپ شورپىمۇ سوۋۇپ كەتتى. كالاۋان خې. نىم ئاچچىقىدا ئېرىنى ئەيىبلەپ:

ــ بۇ ئۇنىڭ قەستەن قېرىشىۋاتقانلىقى، لېكىن سەن ئۇنى ھەمىشە قانات ئاستىڭغا ئالىسەن، ــ دېدى

كالاۋان ئەپەندى ئوڭايسىزلىنىپ، نائىلاج ھالدا مارى لويىسنى مومىسىنى چاقىرىشقا بۇيرۇدى. ئۇنىڭ ئايالى ئاچچىقىدا ۋېلكىنى رومىكىنىڭ تەگلىكىگە ئۇرغىلى تۇردى.

ئىشىك تۇيۇقسىز ئېچىلىپ، بالىنىڭ ئۆزىلا قايتىپ كىردى، ئۇ ھاسىرايتتى، يۈزلىرى تاتىرىپ، ھودۇققىنىچە:

ــ مومام يىقىلىپ يەردە ياتىدۇ، ــ دېدى.

كالاۋان چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈگۈرگىنىچە چى. قىپ كەتتى، پەلەمپەيدىن ئۇنىڭ دوك ـ دوك قىلغان ئاياغ تىۋشى كېلەتتى. ئۇنىڭ ئايالى قېيىنانىسىنىڭ ھىيلىگەرلىك قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگەچكە، پەرۋايىغىمۇ ئالماي، مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ، ئەزمىلىك بىلەن پە. لەمپەيدىن چىقىشقا باشلىدى.

موماي ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئوغلى ئۇنى ئۆرىدى، موماي مىدىر ـ سىدىر قىلمايتتى، رەڭگى ئۆڭۈپ، قورۇقلىرى چوڭقۇرلىشىپ، ئاشلىغان تېرىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغان، چىشلىرى كىرىشكەن، ئورۇق تېنى قېتىپ قالغانىدى. ئۇلار ئۇنى كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا ئالدى، كالاۋان ئەر ـ ئايال ئىككىسى ۋە دېدەك قىز بىرلىكتە ئۇنىڭ تېنىنى ئۇۋۇلىدى. ئۇلارنىڭ قانداق ئۇۋۇلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ سېزىمى تېخىچىلا ئەسلىگە كەلمەيۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دوسارىنى شارنا «دوختۇر» نى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. «دوختۇر» مومايىنى تەكشۈردى، ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، يۈرىكىنى تىڭشاپ:

— جان ئۈزۈپتۇ، — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

كالاۋان ئۆزىنى ئانىسىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ، تىتىرىگىنىچە يىغلاشقا باشلىدى، كۆزىدىن ئاققان چوڭ ـ چوڭ ياش تامچىلىرى مۇردىنىڭ يۈزىگە تامچىلاشقا باشلىدى.

كالاۋان خېنىممۇ مۇناسىپ ھالدا ئۆز قايغۇسىنى ئىپادىلىدى. ئۇ ئېرىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، ھەدەپ كۆزىنى ئۇۋۇلايتتى، پەس ئاۋازدا ئىدا قىلاتتى. «دوختۇر» ئۇنىڭغا پەس ئاۋازدا:

— كالاۋاننى ئېلىپ چىقىپ كەتسىڭىز بولاتتى، — دېدى.

ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ، تېخىچە قاتتىق يىغلاۋاتقان ئېرىنىڭ يېنىغا كېلىپ، شارنا ئەپەندى بىلەن بىللە ئۇنى

يۆلەپ تۇرغۇزدى. ئۇلار ئۇنى بىر ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى، ئايالى ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ، ئۇنىڭغا بىرمۇنچە تەسەللى بەردى. «دوختۇر» مۇ ئۇنىڭغا ماسلاشتى. ئارقىدىن ئۇلار ئىككىسى كالاۋاننى يۆلەپ، ئۇ ئادەتتە تاماق ۋاقتىدا ئولتۇرىدىغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا جايلاشتۇردى، ئالدىدىكى سوۋۇپ قالغان شورپىغا قوشۇقنى چىلاقلىق تۇراتتى. كالاۋان مىدىر ـ سىدىر قىلماي ئولتۇراتتى، ئۇ شاراب رومكىسىغا قاراپ قېتىپ قالغانىدى.

كالاۋان خېنىم بىر بۇلۇڭدا «دوختۇر» بىلەن سۆزلىشىپ، بېجىرىشكە تېگىشلىك رەسمىيەتلەرنى سورۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشىنى ئۈتۈنۈۋاتاتتى. شارنا ئەپەندى تېخىچە كەچلىك تاماق يېمىگەنلىكىنى ئېيتىپ، تەزىم قىلدى ـ دە، مېڭىشقا تەمشەلدى. كالاۋان خېنىم ئۇنى چاقىرىپ:

— ئۇنداق بولسا، تاماقنى مۇشۇ يەردىلا يەڭ، «دوختۇر» مۇشۇ يەردىلا يەڭ! تاماق تەييار، تارتىنماڭ! — دېدى.

دوختۇر ئۆزرىلىق ئېيتىپ رەت قىلدى، لېكىن ئۇ گېپىدە چىڭ تۇرۇپ:

— بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى، ھەرگىز كەتمەڭ، مۇنداق ئىشقا دۇچ كەلگەندە بىرەر دوستى يېنىدا بولسا، ھەقىقەتەن خۇشاللىنارلىق ئىش بولىدۇ؛ يەنە كېلىپ، سىز ئېرىمگە ئازراق بىر نەرسە يېيىش ھەققىدە نەسىھەت قىلىشىڭىز مۇمكىن، چۈنكى ئۇ روھلۇقراق بولۇشقا موھتاج، — دېدى.

دوختۇر تەزىم قىلدى ـ دە، شىلەپىسىنى كىيىم ئاسقۇچقا

ئىلىپ قويۇپ:

— ئۇنداق بولسا، كۆڭلىڭىزنى قوبۇل قىلماي ئامالىم يوق، خېنىم، — دېدى.

كالاۋان خېنىم بېشى ئايلىنىپ كەتكەن روسالىغا بىرمۇنچە ئىشلارنى تاپىلىغاندىن كېيىن، ئۆزىمۇ تاماقتا ئولتۇردى، ئۇنىڭ ئېيتقىنى بويىچە، بۇ، كۆرۈنۈشكىلا، «دوختۇر» غا ھەمراھ بولۇش ئۇچۇنلا ئىدى، خالاس. سوۋۇپ قالغان شورپا يەنە ئېلىپ كېلىندى. شارنا ئەپەندى ئىچىپ بولۇپ، يەنە بىر چىنە ئىچىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئېلىپ كېلىنگىنى لىئون ئۇسلۇبىدا پىشۇرۇلغان كالا قېرىنى بولۇپ، ئۇنىڭدىن گۇپۇلدەپ پىياز پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى، كالاۋان خېنىم ئۆزىمۇ ئازراق تېتىپ بېقىشنى قارار قىلدى.

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، — دېدى «دوختۇر».

كالاۋان خېنىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلگىنىچە:

— راستىما؟ — دېدى ۋە بۇرۇلۇپ ئېرىگە قاراپ:

— سەنمۇ ئازراق يېگىن، ئويلاپ باق، سەن كېچىچە تۇنىشىڭ كېرەك! — دېدى.

ئېرى ئىتائەتمەنلىك بىلەن خوتۇنى سۇنغان تەخسىنى ئېلىپ تاماق يېيىشكە باشلىدى. «دوختۇر» ئۆزى قول سېلىپ، تەخسىدىن ئۈچ قېتىم قېرىن ئېلىپ يېدى؛ كالاۋان خېنىم تەخسىدىن بىر پارچە يوغان كالا قېرىنىنى ئېلىپ، ئىرىنچەكلىك بىلەن يەپ ئولتۇراتتى. لىقمۇ ـ لىق

بىر خۇمرا ئۇگرە كەلتۇرۇلدى. دوختۇر غودۇرىغىنىچە:

—پاھ! مانا بۇ نېمىدېگەن ياخشى نەرسە ـ ھە،—دې-دى. كالاۋان خېنىم بۇ قېتىم ھەربىر كىشىگە بىر ئۇلۇشتىن بۆلۈپ بەردى، ھەتتا بالىلارنىڭ تەخسىلىرد-نىمۇ توشقۇزۇۋەتتى؛ ئىككى بالا شاپىلدىتىپ يېمەكتە ئىدى، ئۇلارنى باشقۇرىدىغان ئادەم بولمىغاچقا، ئۇلار سۇ ئارىلاشتۇرۇلمىغان ئۈزۈم ھارىقىنى ئىچىشكە باشلىدى، شىرەنىڭ ئاستىدا بولسا، پۇتلىرى تېپىشمەكتە ئىدى.

كالاۋان خېنىم توساتتىن چوڭقۇر قايغۇغا پېتىپ قالدى. ئۇ، كۈتۈلمىگەن بۇ ئاپەتنىڭ قانداق ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ئۈستىدە ئويلانماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئېرىچۇ؟ بولكىنى تىتىپ ئۇششاق كۇمىلاچ ياساپ، داستىخانغا قويۇپ، ئۇنىڭ ھاڭۋاقتىلارچە تىكىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ گېلى شۇقەدەر قۇرۇپ كەتكەن ئىدد-كى، لىق ئۈزۈم ھارىقى تولدۇرۇلغان رومكىنى ھەدېسىلا ئاغزىغا ئېلىپ باراتتى، ئۇنىڭ كاللىسى زەربە ۋە قاي-غۇ ـ ھەسرەت تۈپەيلىدىن، ئېلىشىپ قالغانىدى.

بالىلار ئۇخلاپ قالدى، روسالى ئۇلارنى كارىۋاتتا ياتقۇزۇپ قويدى.

كالاۋان بىلەر ـ بىلمەيلا ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچە رومكا براندى ئىچىۋەتتى، ئۇنىڭ خۇنۇك كۆزلىرىدىن نۇر چاقناشقا باشلىدى.

«دوختۇر» ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ، مېڭىشقا تەرەد-دۇت قىلدى؛ ئۇ دوستىنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ:

—مېنىڭ بىلەن بىللە مېڭىڭ؛ ساپ ھاۋادىن نەپەسلە-نىش سىزگە پايدىلىق؛ بىر كىشى ئازابلانغاندا، جىم-جىت ئولتۇرۇۋالماسلىقى لازىم،— دېدى.

كالاۋان ئىتا ئەتمەنلىك بىلەن قالپىقىنى كىيىپ، ھاسىسىنى ئېلىپ، تاشقىرىغا ماڭدى؛ ئۇلار بىلەكلىرىنى بىر-بىرىنىڭكىگە ئۆتۈشتۈرگىنىچە ئاي نۇرىغا چۆمۈلۈپ، سېنا دەرياسىغا قاراپ يول ئالدى.

داغدام چوڭ كوچا جىمجىت ئىدى، ئادەملەرنىڭ سايە-سىمۇ كۆرۈنمەيتتى، كۆمۈر گازىنى يېقىلغۇ قىلىغان ئىككى قاتار كوچا چىرىغى زەپەر دەرۋازىسىغا قەدەر سو-زۇلغانىدى. ھالبۇكى، ئۇ تەرەپتىن — قىزغۇچ تۇمان قاپ-لىغان تەرەپتىن پارىژنىڭ شاۋقۇن-سۈرنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۇلار كۆۋرۈك بېشىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، دەريا بويلاپ ئوڭغا ماڭدى، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە سالقىن شامال ئۇرۇلدى. قاتار-قاتار ئۆسكەن ئېگىز تېرەكلەر ئالدىدا دەريا سۈيى تىپتىنچ ئاقماقتا ئىدى. قارشى قىرغاقتىن كۆتۈ-رۈلگەن سۇس ئاق تۇمان ئۇلارنىڭ ئۆپكىسىنى نەمخۇش ھاۋا بىلەن تولدۇردى. كالاۋان توساتتىن توختاپ قالدى، بۇ دەريانىڭ ھىدى ئۇنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ قەلبىدە نۇر-غۇنلىغان سەرگۈزەشتىلەرنى ئويغاتتى. ئۇ بىردىنلا كىچىك ۋاقتىدىكى ئانىسىنى كۆرگەندەك بولدى، ئانىسى بەللىرىنى ئېگىپ، يىراق يۇرتىدىكى ئۆيىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، بېغىنى كېسىپ ئۆتكەن ئۆستەك

بويىدا يېنىدىكى بىر دۆۋە كىيىمنى يۇيماقتا ئىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ جىمجىت دالىدا كىرنى توقماقداۋاتقان ئاۋازىنى ۋە: «ئالفىرىد، ماڭا بىر توقاچ سوپۇن ئەكىلىپ بەر» دەپ ۋارقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. ئۇ يەنە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئېقىۋاتقان سۇنىڭ ھىدىنى ھىدلاۋاتقاندەك بولدى. بۇ ھىد ئەزەلدىن ئۇنىڭ قەلبىدە ساقلىنىپ كەلگەنىدى، مەڭگۇ ئۇنتۇلمىغانىدى، دەل ئۇنىڭ ئانىسى ئالەمدىن ئۆت-كەن بۈگۈن ئاخشام ئۇ يەنە بۇ ھىدنى ھىدلاپ قالدى.

ئۆتكەنكى ئىشلار بىر ــ بىرلەپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى.

ئۇ «دوختۇر» غا يۆلەنگىنىچە كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلاشقا باشلىدى. ماغدۇرسىز پۇتلىرى توختىماي تىت-رەيتتى، پۈتكۈل بەدىنى يىغا ئاۋازىغا ئەگىشىپ تەۋرەيتتى. ئاغزىدا بولسا: «ئاپام، بىچارە ئاپام، ھەي، بىچارە ئاپام ......» دەپ پىچىرلايتتى.

بىراق، ئۇنىڭ ھېلىقى ھەمراھى بولسا، قانداق قىلىپ ھەممىشە ئوغرىلىقچە بارىدىغان ھېلىقى يەرگە بېرىپ، بۇ ئاخشامنى ئۆتكۈزۈش ھەققىدە ئويلانماقتا ئىدى، دوستىنىڭ بۇ قاتتىق قايغۇ ــ ھەسرىتى ئۇنى تاقەتسىزلەندۈرۈپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ دوستىنى يۆلەپ دەريا بويىدىكى چىملىقتا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، بىر كېسەلنى كۆرىدىغانلىقىنى با-ھانە قىلىپ، دەرھال ئۇنى تاشلاپ كېتىپ قالدى.

كالاۋان ناھايىتى ئۇزاققىچە يىغلىدى. يىغلاۋېرىپ كۆز يېشىمۇ قۇرۇپ كەتتى. بارلىق ئازاب ــ ئوقۇبەتىمۇ كۆز

يىشى بىلەن بىللە ئىقىپ تۆكمىدى، ئۇ يىغىشۋاشتىن يەڭ-گىللەپ، ھۆزۈرلىنىپ، ئويلىمىغان خاتىرجەملىككە ئې-رىشكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئاي چىقتى، كەڭ زېمىن ئىللىق ئاي نۇرىغا چۆمۈلدى. لەرزان شامال چىقماقتا، كەڭ زېمىن شېرىن، ھۆزۈرلۈق چۈشكە غەرق بولغانىدى. كالاۋان قاراڭغۇ كېچىنىڭ نازاكىتىدىن بولۇشىچە بەھرىمەن بول-دى، ئۇ كۆكسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئېلىپ، پۈتۈن بەدىنى-نىڭ سالقىنلاپ ھۆزۈرلىنىپ قالغانلىقىنى سەزدى. ھالبۇكى، ئۇ قەلبىدىكى ھۆزۈرنى ئىلاجىنىڭ بارىچە بې-سىپ، تەكرار ھالدا: «ئانا، مېنىڭ بىچارە ئانام!» دەيتتى، تۈز كۆڭۈل كىشىلەردە بولىدىغان ۋىجداننىڭ ئازابلىشى تۈپەيلىدىن، يىغلاي دېسىمۇ، يىغلىيالمايتتى. ھەتتا ئۇنى ھۆكۈرتىپ يىغلاتقان ھېلىقى پەيتلەرمۇ ئۇنىڭ قايغۇ-ھەسرىتىنى قىلچە قوزغىيالمىدى.

توساتتىن، ئۇ بىرەر ئادەمنى تېپىپ ئۆزىنىڭ بەختسىز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىشنى، شۇ ئارقىلىق باش-قىلارنىڭ ھېسداشلىقى ۋە غەمخورلۇقىنى قوزغاشنى ئويلاپ قالدى. ئۇ دومسايغىنىچە قەھۋەخانىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. خوجايىن يەنىلا پەشتا ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئەسلىدە ئۇ ھەممە ئادەم ئورنىدىن تۇرىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ ھەسرەتلىك تۇرقىغا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى. ئۇ شۇ سەۋەبتىن، پەشتاختىغا ئارتىلغىنىچە

ئىككى قولى بىلەن بېشىنى قاماللىۋالدى.

خوجايىن ئۇنىڭغا قاراپ: — كالاۋان ئەپەندىم، ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ- نېمە؟ — دەپ سورىدى. ئۇ:

— ئاغرىپ قالمىدىم، بىچارە دوستۇم، ئانام ھېلىلا ئالەمدىن ئۆتتى—دەپ جاۋاب بەردى.

خوجايىن پەرۋاسىز قىياپەتتە «ھە» دەپلا قويدى. دەل مۇشۇ چاغدا، قەھۋەخانىنىڭ ئىچكىرىسىدە ئولتۇرغان بىر مېھمان:

— بىر ئىستاكان پىۋا! — دەپ ۋارقىرىدى.

خوجايىن دەرھال ئادەم چۆچۈگۈدەك ئاۋازدا:

— مانا! كەلدى! ....... — دەپ توۋلىغىنىچە، تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان كالاۋاننى تاشلاپ قويۇپ، مېھماننى كۈتكىلى يۈگۈردى.

ئۈچ نەپەر قارتا مەستانىسى بىر شىرەنى چۆرىدەپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن، مىدىر- سىدىر قىلماي دومىنو سۆڭەك قارتىسى ئويناۋاتاتتى. كالاۋان ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن ئۇ يەرگە باردى.

— بىردەملىك ۋاقىت ئىچىدىلا، — دېدى ئۇ ئۇلارغا، — مەن چوڭ بالا- قازاغا يولۇقتۇم. بۇ ئۈچ كىشى بىرلا ۋاقىتتا ئاستا باشلىرىنى كۆتۈرۈشتى- دە، كۆزلىرى يەنىلا قولىدىكى قارتىغا تىكىلدى.

كالاۋان ئۇلاردىن بىرەر جۈملە تەسەللى ئاڭلاشنى

كۆتكەنىدى. ھازىر ئۆزىنىڭ مۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچرى- غانلىقىنى كۆرۈپ، ئالدىرىغىنىچە بۇ يەردىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆز دوستىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتىگە مۇشۇنداق سوغۇق مۇئامىلە قىلغانلىقىدىن نەپرەتلەندى، گەرچە بۇ ئازاب ـ ئوقۇبەت ئەينى چاغدا ناھايىتى غۇۋا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ سەزمەي قالغان بولسىمۇ.

ئۇ ئۇ يەردىن چىقىپ، ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

ئۇنىڭ ئايالى كېچىلىك كىيىمىنى كىيىپ، ئوچۇق دېرىزىنىڭ يېنىدا كىچىك بىر ئورۇندۇقتا ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. خوتۇنى كۆڭلىدە مىراس ئىشلىرى ئۈستىدە چوت سوقماقتا ئىدى. ئۇ بىردىنلا ئېرىگە بۇرۇلۇپ:

— ئاناڭنىڭ مىراس ھەققىدە ۋەسىيەتنامە قالدۇر- غانلىقىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

ئۇ ئارىسالدىلىق بىلەن:

— مەن...... مېنىڭچە يوق.... ئۇ چوقۇم ۋەسىيەتنامە قالدۇرمىدى» دېدى. كالاۋان خېنىم ئېرىنىڭ يۈزىگە تىكىلگىنىچە، غەزىپىنى باسالماي تىترەڭگەن ئاۋازدا:

— ھەقىقەتەن ۋىجدانسىزكەن، شۇنداقمۇ؟ بىز مىڭ بىر جاپادا ئۇنى كۈتتۇق، ئۆيىمىزدە تۇرغۇزدۇق، يېگۈز- دۇق، ئون يىل ھېسابىدا بولدى، بىزنىڭ ئورنىمىزدا سىڭلىڭ بولغان بولسا ھەرگىز ئۇنداق قىلمايتتى. سەن ئېھتىمال، ئۇ ياتاق پۇلى، تاماق پۇلى تۆلىدىغۇ؟ دېيىشىڭ

مۆمكىن، توغرا، بىراق، بىزنىڭ ئۇنى دەپ تارتقان جاپا-لىرىمىزنى هازىرغىچە پۇل بىلەن چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدۇ، بۇنى ئۆلگەندىن كېيىنكى ۋەسىيەتنامە ئارقى-لىقلا قايتۇرغىلى بولاتتى. قارىغاندا، مەن بىكاردىن - بى-كار جاپا تارتىپ، ئاۋارە بولغان ئوخشايمەن! دېدى.

ئۇ سۆزلە - سۆزلە بېسىقىپ قالدى - دە، ئادەتتىكى تەلەپپۇزدا:

— ئەتە چۈشتىن بۇرۇن سىڭلىڭغا ئۇقتۇرۇپ قو-يۇشۇڭ لازىم، — دېدى.

كالاۋان بىردىنلا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ:

— ئاپلا، پەقەت خىيالىمغا كەلمەپتۇ، تاڭ يورۇشى-غىلا بىرىپ تېلېگراممىا بېرىۋېتەي، — دېدى. لېكىن خوتۇنى ناھايىتى ئەتراپلىق ئويلىغانىدى، ئۇ ئېرىنى توسۇپ:

— بولمايدۇ، تېلېگراممىنى سائەت ئون - ، ئون بىرلاردا بەرگىن، سىڭلىڭ كېلىپ بولغۇچە، بىز ئىش-لارنى ياخشىراق ئورۇنلاشتۇرۇۋالايلى، — دېدى.

كالاۋان چوققىسىغا شاپىلاقلاپ، قورقۇنچ تەلەپپۇزىدا:

— مىنىستىرلىقنىمۇ خەۋەرلەندۈرۈپ قويسام بولار-مىكىن، — دېدى.

ئايالى جاۋابەن:

— نېمىشقا خەۋەرلەندۈرۈپ قويغۇدەكسەن؟ بۇنداق

ئەمۋالغا دۇچ كەلگەن ئادەم ئۇنتۇپ قالسىمۇ، كەچۈرۈشكە بولىدۇ. مېنىڭ كېپىمگە ئىشەن، خەۋەرلەندۈرۈش ھاجەتسىز، سېنىڭ ئۇ بۆلۈم باشلىقىڭ ھېچ نەرسە دېيەلمەيدۇ، — دېدى.

— ھە! توغرا دېدىڭ، — دېدى ئۇ، — مېنىڭ بارمىغانلىقىمنى كۆرۈپ، ئۇ چوقۇم چېچىلىشى مۇمكىن. مەن ئۇنىڭغا ئانامنىڭ توگەپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقان ۋاقتىمدا، ئۇ ئۇنچە قىلماسلىقى مۇمكىن. بۇ بۆلۈم ئەزاسى بۇ ئاقىۋەتتىن ئىنتايىن رازى ئىدى. مۇشۇ پەيتتە موماينىڭ جەسىتى ئۇستۇنكى قەۋەتتە ئۇخلاۋاتقان دېدەك قىزنىڭ يېنىدا ئىدى.

كالاۋان خېنىم توساتتىن يەنە ئېغىر قايغۇغا چۆمدى، ئۇنى ئېغىزدىن چىقارغىلى بولمايدىغان بىر ئىش چىرمىۋالغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئەڭ ئاخىردا قەتئىي نىيەتكە كېلىپ:

— ئاناڭ «ساھىبجامالنىڭ توپ ئويىنىشى»، ماركىلىق ھېلىقى ئۇستەل سائىتىنى ساڭا بەرگەندەك قىلىۋىدى، توغرىمۇ؟ — دېدى.

ئېرى بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— توغرا، توغرا. ئۇ ماڭا دېگەنىدى. بىراق، بۇ ناھايىتى بۇرۇنقى — ئۇ بۇ يەرگە يېڭىلا كەلگەن ۋاقىتتا دېيىلگەن گەپ، — دېدى.

كالاۋان خېنىم ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ، چىرايى ئې-
چىلغان ھالدا:

— دېگەن ئىكەن، قارا، ئېلىپ كېلىش كېرەك، چۈنكى سىڭلىڭ كەلسە، ئۇ ئۇنى بىزگە تۇتقۇزمايدۇ. ئانانىڭ ئۆيىدىكى مەرمەر تاش يۈزلۈك بەش تارتمىلىق شىرەمۇ ئوخشاش. بىر كۈنى كەيپىياتى ياخشى بىر ۋاقىتتا، ئۇ ماڭا بېرىشكە ماقۇل بولغان ئىدى، بىز ئۇلارنى بىرلىكتە يۆت-كەپ چۈشەيلى، — دېدى.

كالاۋان بۇ گەپلەرگە ئانچە ئىشەنمىدى. ئايالىنىڭ بې-سىمى ئاستىدا ئۇ نائىلاج قوشۇلدى. ئەر ـ ئايال ئىككىسى ئاستا يۇقىرى قەۋەتكە چىقىپ، ئېھتىيات بىلەن ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئېچىپ ئۆيگە كىردى. ئۆيدە سوزۇلۇپ يېتىپ ئۇزاق ئۇيقۇغا كەتكەن مومايىنى ساقلاۋاتقىنى بوكسۇس شېخى قاچىلانغان داس ئەتراپىدىكى تۆت تال شامدىن ئى-بارەت ئىدى. روسالى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئالىلىقاچان ئۇخلاپ قالغانىدى.

كالاۋان ئۇستەل سائىتىنى ئالدى. بۇ، ئالتۇن يالى-تىلغان، بېشى ھەر خىل گۈللەر بىلەن بېزەلگەن، قولىغا خەنجەر شەكلى چۈشۈرۈلگەن شار تۇتقان ساھىبجامالنىڭ مىس ھەيكىلى چۈشۈرۈلگەن شار مایاتنىك قىلىنغان سا-ئەت ئىدى.

— ماڭا بەر، — دېدى ئايالى، — سەن بەش تارتمىلىق

شىرەنىڭ مەرمەر تاش يۈزلۈكىنى كۆتەر، — دېدى.

ئۇ ئايالىنىڭ تاپىلىشىغا بويسۇنۇپ، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىگىنىچە زورۇقۇپ ـ كۈچىنىپ مەرمەر تاش يۈزلۈكنى يۈدۈپ مۇرىسىگە ئالدى ـ دە، ئەر ـ ئايال ئىككىسى تالاغا قاراپ ماڭدى. كالاۋان بەللىرىنى مۈكچەيتىپ، سۆرەلمەلىك بىلەن پەلەمپەيدىن چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئايالى ئارقىچە مېڭىپ، بىر قولىدا شامنى تۇتۇپ ئۇنىڭغا پەلەمپەينى يورۇتۇپ بەردى، بىر قولىدا بولسا ئۈستەل سائىتىنى تۇتقانىدى.

ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، كالاۋان خېنىم چوڭقۇر نەپەس ئالدى.

— بىجىرمەك تەسلىرىنى بىجىرىپ بولدۇق، — دېدى ئۇ، — ئەمدى قالغانلىرىنى يۆتكەيلى.

بىراق، بەش تارتمىلىق شىرەنىڭ تارتمىلىرىغا موماينىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى تولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنى بىر يەرگە يىغىپ قويۇشقا توغرا كېلەتتى. كالاۋان خېنىمنىڭ مۇددىئاسى ئۆزگەردى ـ دە:

— تېز چىقىپ كارىدوردىكى ھېلىقى نېپىز ياغاچ ساندۇقنى يۆتكەپ كىر، ئۇ بىرنەچچە تىيىنغىمۇ ئەرزىمەيدۇ، ئۇنى مۇشۇ يەرگە قويۇپ قويايلى، — دېدى. ياغاچ ساندۇق يۆتكەپ كىرىلگەندىن كېيىن ئۇلار ھەرىكەتكە كېلىپ تارتمىلارنى بىكارلىدى. ئۇلار موماينىڭ يەڭلىك،

ياقىلىق، كۆڭلەك، شىلەپە قاتارلىق كونا كىيىملىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ چىقىرىپ، رەت-رېتى بىلەن ياغاچ ساندۇققا سېلىپ، 2-كۈنى ھازىغا كېلىدىغان بىرو خېنىمنى گوللىماقچى بولدى. ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۇلار ئالدى بىلەن تارتمىلارنى يۆتكەپ ئېلىپ چۈشمەكچى، ئاندىن كېيىن ئىككىسى ئىككى تەرىپىنى تۇتقىنىچە شىرەنىڭ گەۋدىسىنى يۆتكەپ چۈشمەكچى بولۇشتى.

بەش تارتمىلىق شىرەنى جايلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن كالاۋان خېنىم دەرھال ئۆزىنىڭ يەڭگۈشلەيدىغان كىيىم-كېچەكلىرىنى ئۇنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويدى. ئۇستەل سائىتىنى تاماقخانىدىكى تام مەش تەكچىسىگە قويدى. ئىككىيلەن سەرەمجانلاشتۇرۇشنىڭ ئۈنۈمىدىن ھۇزۇرلىنىپ، ئىنتايىن مەمنۇنلۇق ھېس قىلدى.

— يامان ئەمەس بولغاندۇ؟ — دېدى ئۇ ئېرىگە.

ئېرى جاۋابەن:

— ھىم، خېلى ياخشى بوپتۇ، — دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار كارىۋاتقا چىقىپ ئۇخلىدى، بۇ چاغدا پۈتكۈل بىنادىكى كىشىلەر ئۇيقۇغا غەرق بولغانىدى.

كالاۋان كۆزىنى ئاچقاندا، تاڭ يورۇپ كەتكەنىدى، ئۇ ئويغانغاندا كاللىسى تېخىچىلا گاراڭ بولۇپ، بىرنەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئاندىن ھېلىقى چوڭ ئىشنى

ئېسىگە ئالدى. ئۇ دەرھال كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشتى، كۆڭلى يەنىلا يېرىم بولۇپ، يىغلاپ تاشلىغىلى تاس ـ تاس قالدى.

ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ يۇقىرى قەۋەتكە چىقتى، رو-سالى تېخىچە ھېلىقى ئۆيدە ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ روسالىنى ئىشقا بۇيرۇۋېتىپ، ئۆزى كۆيۈپ بولغان شاملارنى ئال-ماشتۇردى، ئاندىن ئانىسىغا يۈزلەندى. ئۇ تۇساتتىن خوتۇنىنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئاستىنقى قەۋەت-كە چۈشتى. خوتۇنى چۈشتىن بۇرۇن بېجىرىلىدىغان ئىشلارنى بىر ۋاراق قەغەزگە تىزىپ چىققانىدى. ئۇ قە-غەزنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ، چۆچۈپ كەتتى.

بۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئۇششاق ئىشلارنى بې-جىرىشكە توغرا كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شىلەپىسى-نى ئېلىپ، دەرھال ئىشىكتىن چىقتى.

خەۋەر ئاللىقاچان تارقىلىپ كەتكەنىدى، ئايال قوشنىلار ئىشىككە كېلىپ مېيىتنى كۆرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلىشقا باشلىدى. ئىككى ئايال قوشنا ئالدى بى-لەن كەلگەنىدى. ئۇلار كالاۋان خېنىم بىلەن بۇ بەخت-سىزلىك ئۈستىدە پاراڭلاشماقتا ئىدى، ئۇلار مېيىت توختىتىپ قويۇلغان ئۆيگە قاراپ ماڭدى، ئۇلار يەڭگىل قەدەم بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، نۆۋەت بويىچە تۇز سۈيىگە قولىنى تەگكۈزۈپ يوتقانغا چېچىپ قويدى، ئۇلار تىزلىنىپ، پىچىرلىغىنىچە بىر تەرەپتىن دۇ-ئا ـ تىلاۋەت قىلسا، بىر تەرەپتىن چوقۇناتتى، بۇ چاغدا، ئۆلگۈچىنىڭ كېلىنى قولياغلىق بىلەن يۈزىنى

توسۇپ، يالغاندىن ئىچىنىپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىشكە تەمشەلگەنىدى، مارىي لۇيىس ۋە فىلىپ ئاۋگۇستلارنىڭ كۆڭلەكچان ھالدا ئىشىك ئالدىدا ئەجەبلىنىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يالغان قايغۇ ـ ھەسرىتىنى ئۇنتۇپ، قولىنى شىلتىپ، يۇگۇرۇپ چىقتى ـ دە، قەھر ـ غەزەپ بىلەن: «يوقىلىڭلار، غەلۋىچىلەر!» دەپ ۋارقىرىدى.

ئون مىنۇتتىن كېيىن، ئۇ يەنە بىر ئايال قوشنىسىغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقتى. ئۇ يېڭىۋاشتىن قېينانىسىنىڭ بەدىنى ئۈستىدىن بوكسۇس شېخىنى پۇلاڭلىتىپ، دۇئا ـ تىلاۋەت ۋە كۆز يېشى قىلىپ، ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ماتەم قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، كەينىگە ئىككى بالىنىڭ ئەگىشىۋالغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئۇلارنى قاتتىق ئىككى شاپىلاق ئۇردى. بىراق، ئۇچىنچى قېتىم چىققىنىدا بولسا، ئۇلار بىلەن كارى بولمىدى. ھەر قېتىم مېھمان كەلسە، بۇ ئىككى بالا ئۇلارغا ئەگىشىۋالاتتى، بىرەر بۇلۇڭدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئانىسىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى بىر ـ بىرلەپ دورايتتى.

چۈشتىن كېيىن بولغاندا، قىزىقىش تۇيغۇسىدىن كەلگەن ئاياللار ئازىيىشقا باشلىدى. كۆپ ئۆتمەي ئىشىك ئالدىغا كېلىدىغان كىشىلەرمۇ تۈگىدى. كالاۋان خېنىم ئۆز ئۆيىگە قايتىپ، مېيىت ئۇزىتىش ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى. مېيىت يۇقىرى قەۋەتتە يەككە ـ يېگانە تاشلاپ قويۇلغانىدى.

دېرىزە ئوچۇق بولغاچقا، ئوتتەك ئىسسىق ھاۋا غۇژ-غۇژمەك چاڭ-توزانلارنى ئۆي ئىچىگە ئېلىپ كىرەتتى؛ تۆت تال شام يالقۇنى جىمجىت ياتقان جەسەتنىڭ ئەتراپىدا پىلىلدايتتى؛ چىۋىنلەر يوتقاننىڭ ئۈستىدە، كۆزلىرى چىڭ يۇمۇلغان يۈزدە، سىرتقا چىقىرىپ قويۇلغان قوللاردا ئۆمىلەپ، ئۇچۇپ-چۆرگىلەپ يۈرەتتى؛ ئۆي ئىچى غۇۋا سايە بىلەن توشقانىدى؛ ئۇنىڭ قاقشالدەك قورۇق باسقان يۈزلىرى شام يالقۇنىدا ھېلى يورۇسا، ھېلى خىرەلىشەتتى.

كەچ سائەت سەككىزلەر ئەتراپىدا كالاۋان ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ، دېرىزىلەرنى يېپىپ، شاملارنى ئالماشتۇردى. ئۇ ئۆيگە كىرگەندە ناھايىتى خاتىرجەم ئىدى، چۈنكى ئۇ جەسەتنى كۆرۈپ ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى. ھەتتا ئۇ ئازراقمۇ چىرىش ئالامىتىنىڭ يوقلۇقىغا دىققەت قىلدى. ئولتۇرۇپ كەچلىك تاماق يەيدىغان ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ سىزگەنلىرىنى خوتۇنىغا ئېيتىپ بەردى. ئۇنىڭ خوتۇنى جاۋاب بېرىپ:

— شۇنداق بولمامدىغان، ئۇ خۇددى بىر تال ياغاچقا ئوخشاش، ھېچبولمىغاندا، بىر يىل ساقلىغىلى بولىدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى.

چىراغ نۇرى توساتتىن غۇۋالىشىپ قالدى. كالاۋان خېنىم ئىش قىلىشتا كەسكىن ئىدى، ئۇ دەرھال مارى

لۇيىسنى ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ ئىككى تال شام ئې-
لىپ چۇشۇشكە بۇيرۇدى، باشقىلار قاراڭغۇلۇقتا ساقلاپ
تۇرۇشقا توغرا كەلدى. ئۇلار قىزچاقنىڭ پەلەمپەيدىن
چىقىپ كېتىۋاتقان قەدەم تىۋشىنى ئوپئوچۇق ئاڭلىدى،
ئۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە سېكۇنت جىمجىتلىق هۆ-
كۈم سۇردى، ئۇنىڭغا ئۇلىشىپلا قىزچاق يۇگۈرگىنىچە
پەلەمپەيدىن چۇشتى. ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرگەندە،
ئۇنىڭ روهىي قىياپىتى ئۇ دەسلەپكى كۇنى بەختسىز-
لىك خەۋىرىنى دوكلات قىلغان ۋاقىتتىكىدىنمۇ ئالاقزا-
دىلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ هاسىراپ ـ هۆمۇدىگىنىچە:
ـــۋاي! دادا، مومام كىيىم كىيىۋاتىدۇ!ـــدېدى.
كالاۋان سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى، ئۇ ئۆرۇۋۆەتكەن ئو-
رۇندۇق تامنىڭ چېتىگىچە دومىلاپ باردى. ئۇ دۇدۇقلى-
غىنىچە: ـــنېمە؟..... نېمە دېدىڭ؟ـــدېدى.
ئۇ ئەسەبىيلەرچە يۇگۇرۇپ ئۇستۇنكى قەۋەتكە
چىقتى. ئۇنىڭ كەينىدىن داڭ قېتىپ قالغان ئايالى ئە-
گەشتى. 3 ـ قەۋەتتىكى ئۆينىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە،
كالاۋان توختاپ قالدى، ئۇ ئۆيگە كىرىشكە جۇرئەت قى-
لالمىغانىدى. ئۇ نېمىنى كۆرۈشى مۇمكىن؟ كالاۋان
خېنىمنىڭ يۇرىكى ئېرىنىڭكىدىن چوڭراق ئىدى، ئۇ
ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى بىرلا تولغاپ ئۆيگە كىرىپ
كەتتى.
ئۆي تېخىمۇ قاراڭغۇلىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى،



ئوتتۇرىدا ھەم ئىگىز، ھەم ئورۇق بىر ئادەمنىڭ سايىسى قىمىرلاۋاتاتتى. موماي كارىۋاتتىن چۈشكەندى. ئۇ ھۇشسىز- لىقتىن ئويغىنىپ، ھەتتا ھوشى تامامەن ئەسلىگە كې- لىشتىن ئىلگىرىلا بۇرۇلۇپ، بىر بىلىكى بىلەن تەختى- راۋان ئەتراپىدىكى شامنىڭ ئۈچ تېلىنى ئۆچۈرۈۋەتكەندى. جىسمانىي قۇۋۋىتى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇ كارى- ۋاتتىن چۈشۈپ كىيىمىنى ئىزدىدى. بەش تارتمىلىق شىرە كۆرۈنمەيتتى، دەسلەپتە ئۇ سەل تېنەپ قالدى، بىراق، ئاستا ـ ئاستا ياغاچ ساندۇقتىن ئۆز كىيىملىرىنى تېپە- ۋالدى ـ دە، ئالدىرىماي ـ تېنىمەي كىيىۋالدى. شۇنىڭغا ئۇلاپلا لىقمۇلىق بىر داس سۇنى چېچىۋەتتى، بوكسۇس شېخىنى يەنىلا ئەينەكنىڭ كەينىگە ئېسىپ قويدى، ئۇ- رۇندۇقلارنى ئەسلىي ئورۇنلىرىغا ئاپىرىپ قويدى، ئۇ بىنا- دىن چۈشۈشكە تەييارلىنىپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ ئوغلى ۋە كېلىنى كىرىپ كەلدى.

كالاۋان ئېتىلىپ بارغىنىچە ئۇنىڭ ئىككى قولىنى تۇتۇۋېلىپ، كۆزلىرىگە ياش ئالغىنىچە ئۇنى سۆيۈشكە باشلىدى. ئايالى ئۇنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، ساختىپەزلىك بىلەن:

— بۇ ناھايىتى ياخشى بولدى، بۇ ناھايىتى ياخشى بولدى! — دەپ ئىككى قېتىم تەكرارلىدى.

بىراق، موماي تەسىرلەنمىدى، ئۇ خۇددى بىر ھەيكەل- دەك قاتقان بولۇپ، نەزەرىمۇ ئىنتايىن سوغۇق ئىدى. ئۇ بىر

ئېغىزلا گەپ سورىدى:

— كەچلىك تاماق تەييار بولغاندۇ؟ — ئوغلى ئەس- ـ ھوشىنى يوقىتىپ، دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:

— شۇنداق، ئاپا، سىزنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىمىز، — دېدى. ئۇ تۇنجى قېتىم شۇنچە سەمىمىيلىك بىلەن ئانىسىنىڭ بىلىكىدىن تۇتتى، كالاۋان خېنىم شامنى كۆتۈردى، گويا كېچىسى مەرمەر تاشنى كۆتۈرگەن ئېرىگە يولنى يورۇتۇپ بەرگەندەك، ھەربىر پەلەمپەينى يورۇتقىنىچە كەينىچىلەپ ماڭدى.

2 ـ قەۋەتكە چۈشكەندە، ئۇ بىناغا چىقىۋاتقان كىشىگە سوقۇلۇپ كەتكىلى تاس ـ تاماس قالدى. ئەسلىدە چاررامېئاستا تۇرۇشلۇق تۇغقىنى كەلگەن بولۇپ، برو خېنىم ئالدىدا، ئۇنىڭ ئېرى بولسا كەينىدە چىقىۋاتاتتى. ئايال ھەم ئېگىز، ھەم سېمىز بولۇپ، سېمىزلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغاندەك يوغان قورساق ئىدى، بېلىنىڭ ئۈستى كەينىگە گىدىيىپ تۇراتتى. ئۇ قورققىنىدىن كۆزلىرى چەكچىيىپ، قېچىپ كېتىش مۇددىئاسىغا كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئېرى موزدوز، بويى پاكار، يۈزلىرىنى ساقال باسقان بولۇپ، قارىماققا مايمۇنغىلا ئوخشايتتى. ئۇ تەمكىنلىك بىلەن، تۆۋەن ئاۋازدا:

— ۋوي، نېمە ئىش بۇ؟ ئۇ تىرىلىپ قالدىمۇ؟ — دېدى.

كالاۋان خېنىم ئۇلارنى تونۇغاندىن كېيىن، نائىلاج،

ئۇلارغا قاراپ قول سىلكىدى، ئاندىن كېيىن يۇقىرى ئاۋازدا:

— ئاپلا! قانداق بولغىنى!..... سىلەر كېلىپ قالدىڭلارغۇ! ھەقىقەتەن ئويلاپ باقماپتۇق! — دېدى.

لېكىن، بىرو خېنىم قورقۇپ ھوشىدىن كەتتى، ئۇ بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمىگەنىدى. ئۇ تۆۋەن ئاۋازدا جاۋاب بېرىپ:

— سىلەر تېلېگراممىنى بېرىپ، بىزنى سۈيلەپ ئەكەلدىڭلار، بىز تېخى قىلچە ئۈمىد يوق ئوخشايدۇ، دەپتىمىز، — دېدى.

ئۇنىڭ ئېرى كەينىدە تۇرۇپ، ئۇنى چىمداپ، ئاغزىنى يۇمۇپ گەپ قىلماسلىقا ئىما ـ ئىشارەت قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇغەمبەرلەرچە كۈلۈپ:

— بىزنى چىللىغانلىقىڭىزلاردىن مىننەتدارمىز، ھەقىقەتەن بەكمۇ ئېھتىرام بىلدۈرىمىز. بىز ھايال بولۇشقا جۈرئەت قىلالماي، دەرھال يېتىپ كەلدۇق، — دەپ تولۇقلاپ قويدى ۋە بۇ گەپ بىلەن ئىككى ئائىلە ئوتتۇرىسىدا ئۇزاق مۇددەتتىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ئاغرىق ـ ئادەۋەتنى يۇرىتىپ قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، موماي بىنانىڭ ئەڭ ئاستىنقى بىرنەچچە پەلەمپىيگە چۈشكەندە، ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ يۈزىنى يېپىۋالغان ساقاللىرىنى مومايىنىڭ ئىككى مەڭزىگە سۈۋاپ قويدى، مومايىنىڭ ئاڭلىيالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئۇدۇللاپ

يۇقىرى ئاۋازدا:

— ياخشى تۇرۇۋاتامسىز، ئانا؟ تېنىڭىز يەنىلا شۇنچە تىمەنكەن، — دېدى.

برو خېنىم ئەسلىدە ئۆلدى دېگەن ئادەمنىڭ ناھايىتى ياخشى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن ھاڭۋېقىپلا قالدى، ھەتتا بىر-بىر سۆيۈپ قويۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇنىڭ يوغان قورسىقى پۇتكۈل پەلەمپەي ئاغزىغا بىر كېلىپ، باشقىلارنىڭ يولىنى توسۇۋالغانىدى.

موماي ئىز چىل تۇردە ئېغىز ئاچمىدى، ئۇ ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپلا قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆل رەڭ كۆزلىرى ھېلى بۇنىڭغا تىكىلسە، ھېلى ئۇنىڭغا تىكىلەتتى. ئۇنىڭ باللىرى ئۇنىڭ كۆزىدىن ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالدى، شۇڭلاشقا ئۇلار ناھايىتى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

موماي بىر تەرەپتىن داۋاملىق ئىلگىرىلىسە، بىر تەرەپتىن ئاجىز، خۇددى يىراقتىن كېلىۋاتقاندەك ئاۋازى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ:

— بىراقلا ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن، بىراق، سىلەرنىڭ دەۋاتقان، قىلىۋاتقىنىڭلارنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدىم، — دېدى.

ئۇنىڭ كەينىدىن ئادەم بەرداشلىق بەرگۈسىز سۈكۈت باشلاندى. ئۇلار تاماقخانىغا كىردى، ئولتۇرۇپ ۋاقىتلىق

قورساقنى ئەستەرلىمۇيلىش ئۈچۈنلا تەييارلانغان كەچلىك تاماقنى يېدى.

بىراق، كارىدوردىن ھەر ۋاقىت ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئۇيگە بىر ئورام نەرسە كىرگۈزۈلدى، كالاۋان قاراملىق قىلىپ ئۇنى ئاچتى، ئۇ ئەسلىدە قارا جىيەك چىقىرىلغان مۇسىبەت خەۋىرى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش ئىدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى، ئۇ دەرھال ئۇنى ئوراپ جىلىتكىسىنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋال- دى.

ئۇنىڭ ئانىسى ئۇنى كۆرمىدى، ئۇ كۆزىنى ئۈزمەي تام مەش تەكچىسىگە قويۇلغان ئۈستەل سائىتىگە قاراپ قال- غانىدى، ئالتۇن يالىتىلغان، خەنجەر سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن شار تىنىمسىز تەۋرىنەتتى.

موماي باخشى ئاياللارنىڭكىدەك قورۇق باسقان يۈزلى- رىنى بۇراپ، كۆزلىرىدىن خەتەرلىك نۇر چاقناتتى، ئۇ قىزىغا:

— دۈشەنبە كۈنى قىزىڭنى ئالغاچ كەل، ئۇنى كۆرگۈم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى.

بىرو خېنىم دەماللىققا كۈلۈمسىرىدى ۋە ئاۋازلىق قى- لىپ:

— بولىدۇ، ئاپا، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان كالاۋان خېنىمنىڭ يۈزى بولسا،

قەغەزدەك ئاقىرىپ، جىددىيلەشكىنىدىن ھوشىدىن كەت-
كىلى تاس قالدى.

ئىشىك ئېچىلدى، شارنا «دوختۇر» كىرىپ كەلدى.
دەسلەپتە ئۇ بىرئاز چۆچىدى، بىراق، شۇئانلا يەنە نورمال
ھالىتىگە قايتتى. ئۇ مومايىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ۋاھھاھ! موماي بۈگۈن ناھايىتى ياخشىغۇ! پاھ! مەن
بۈرۈنلا بىلگەنىدىم، ھېلى مەن بىناغا چىقىۋاتقان ۋاقتىم-
دىلا ئۆز-ئۆزۈمگە: مەن تىڭشەلەيمەن، موماي يەنە ئور-
نىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ، دېگەنىدىم،—ئۇ مومايىنىڭ دۈمبى-
سىگە يېنىك پەپىلەپ قويۇپ، — ئۇ يېڭى كۆۋرۈكتەك
مەزمۇت ئايال . قاراپ تۇرۇڭلار، بۇ ئانىمىز ھەممىمىزنى
باقى ئالەمگە ئۇزىتىپ قويىدۇ.

موماي پەيدىنپەي ئۆزىنىڭ ھارغانلىقىنى ھېس قى-
لىپ، ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ كېتىش نىيىتىگە
كەلدى. كالاۋان شۇئان ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، لېكىن ئۇ
ئوغلىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ:

— سەن بەش تارتمىلىق شىرە بىلەن ئۇستەل سائى-
تىنى دەرھال ماڭا ئاچىقىپ بەر، — دېدى. ئوغلىنىڭ ئۇ
كېكەچلىگىنىچە: «ماقۇل، ئاپا» دېيىشىنى كۈتمەيلا، قىزى-
نى قولتۇقلاپ چىقىپ كەتتى.

كالاۋان ئەر-خوتۇنلار چېكىدىن ئاشقان ئۈمىدسىز-
لىككە پېتىپ، ھودۇقۇپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، گەپمۇ

قىلالماي قالدى. بىرو بولسا، بىر تەرەپتىن خۇشال بولۇپ قولىنى ئۇۋۇلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن قەھۋە ئىچەتتى. كالاۋان خېنىم قەھر - غەزەپتىن سارالغ بولۇپ قالاي دېدى. ئۇ بىرونى ئوغرى دەپ تىللىدى، بىراق، ئۇ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي، قەھۋەسىنى ئىچىۋەردى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئايالى قايتىپ چۈشتى، كالاۋان خېنىم ئۆزىنىڭ قېيىنسىڭلىسىغا قاراپ ئېتىلدى. بۇ ئىككىسىدىن بىرى سېمىز، بىرى ئورۇق بولۇپ، ئۇلار ئېغىزلىرىنى بۇزغىنىچە ئەپسانىۋى تىللار بىلەن تىللىشىپ كەتتى.

بىرو بىر تەرەپتىن خوتۇنىنىڭ ئىككى مۇرىسىنى تۇتۇپ ئىشكىنىڭ سىرتىغا ئىتتىرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ۋارقىرىغىنىچە:

— تېز يوقال، دۆت ئېشەك، يەنە داۋراڭ سالغۇچى بولما! — دەيتتى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇشقان ئاۋازى كوچىدىن ئۆتۈپ، يىراق - يىراقلارغا كەتتى.

ئاخىردا كالاۋان ئەر - خوتۇن ئىككىسى بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە تۇرۇپ قېلىشتى. كېيىنچە، ئەر بىر ئورۇندۇقتا ئۆزىنى تاشلىدى، چېكە چاچلىرى ساڭگىلاپ سوغۇق تەرگە چۆمۈلدى، ئۇ پىچىرلاپ تۇرۇپ:

— ئەتە، بۆلۈم باشلىقىغا نېمە دەرمەن؟ — دېدى.

# مىراس

## 1

گەرچە سائەت ئون بولمىغان بولسىمۇ، پارىژنىڭ ھەرقايسى بۆلۈك- پۇچقاقلىرىدىن ئالدىراپ ئىشقا ماڭغان خىزمەتچىلەر دېگىنىز ئارمىيە مىنىستىرلىقىنىڭ دەرۋازى- سىغا قاراپ دېڭىز دولقۇنىدەك ئاقماقتا ئىدى، يېڭى يىل كېلىش ئالدىدا تۇرغاچقا، ھازىر دەل كوچەپ ئۆزىنى كۆر- سىتىشنىڭ ۋە يۇقىرىغا ئۆرلەشنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ پەيتى ئىدى.

ھەربىر ئادەم ئىشخانىغا كىرىپ، بالدۇر كەلگەن ئىشداشلىرى بىلەن قول ئېلىشاتتى، پەلتوسىنى سېلى- ۋېتىپ، ئىشخانىدا كىيىدىغان كونا كىيىملىرىنى كىيە- شەتتى- دە، ئىش ئۈستىلىنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى. شۇ- نىڭدىن كېيىن ئۇلار ياندىكى ئىشخانىلارغا چىقىپ بۆلۈم باشلىقى كەلدىمۇ- يوق، ئۇنىڭ كەيپىياتى ياخشىمۇ- ياخشى ئەمەسمۇ، شۇ كۈنلۈك ھۆججەتلەر كۆپمۇ- كۆپ ئەمەسمۇ دېگەندەك خەۋەرلەرنى تىڭ- تىڭلايتتى.

قورالاندۇرۇش بۆلۈمىنىڭ خەۋەرچىسى تېىسار كا- سىرام ئەپەندى دېگىنىز ئارمىيىسىنىڭ قورۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلغۇچى قوشۇنىدىن چېكىنگەن ئوفىتسېر بولۇپ، ئىستا-

ژىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا تايىنىپ مۇدىر بۆلۈم ئەزاسى بولۇۋال-
غانىدى. ئۇ مۇلازىمەتچى ھازىرلا ئېلىپ كىرگەن ئالاقىنى
تىزىملاۋاتاتتى. ئۇ بىر سېمىز ئادەم بولۇپ، قىسقا ئاق
چاچلىرى بېشىدا خۇددى چوتكىدەك تىك تۇراتتى.

ئىشىك ئېچىلىپ، مازى ئەپەندى كىرىپ كەلدى، ئۇ
قوڭۇر چاچلىق چىرايلىق يىگىت بولۇپ، كىيىنىشكە
بەكمۇ ئېتىبار بېرەتتى. ئۇ ھەمىشە ھازىرقى ئورنۇم ئۆز
چىرايىم ۋە تاشقى كۆرۈنۈشۈمگە ماس كەلمەيدۇ، دەپ قاراپ،
ئۆزىگە ئۇۋال بولغاندەك ھېس قىلاتتى. قولىغا يوغان ئۇ-
زۇك، يوغان سائەت بېغى تاقايتتى، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ
يېڭىدىكى پارقىراپ نۇر چېچىپ تۇرىغان ئىككى چوڭ
تۈگمىگە بولغان دىققىتىنى قوزغاش ئۈچۈن، ئۇ ئىككى
قولىنى توختىماي ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرۇشنى ئادەت قىل-
غانىدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا:

— بۈگۈن ھۆكۈمەت ئىشى كۆپمۇ؟ — دەپ سورىدى.

كاسىرام ئەپەندى جاۋاب بېرىپ:

— تۇلوندىن كەلگىنى كۆپرەك، كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى،
يېڭى يىلنىڭ كىرىشىگە ئاز قالدى، ئۇلار ئالاھىدە كۈچەپ
ئىشلەۋېتىپتۇ.— دېدى.

يەنە بىر بۆلۈم ئەزاسى — پىتولېر ئەپەندىمۇ دەل مۇشۇ
پەيتتە كىرىپ كەلدى. ئۇ چاقچاق قىلىشنى ياخشى كۆرى-
دىغان ناھايىتى قىزىقچى ئادەم ئىدى، ئۇ كۈلگىنىچە:

— ئەجەبا، بىز بۇ يەردىكىلەر كۈچىمىدۇقما؟ مەن

سىلەر بىلەن دو تىكىشىمەنكى، لېيسابىر ئالىيىلىرى بىزنىڭ بۇ داڭدار بۆلۈم باشلىقىمىزغا ئوخشاش سائەت توققۇزدىلا كېلىپ بولدى، — دېدى. خەۋەرچى يېزىشتىن توختاپ، قەلىمىنى قۇلىقىغا قىستۇرۇپ قويدى. پېتولېر ئەپەندى ئۈستەلنىڭ بۇرجىكىدە ئولتۇرۇپ بىر پۇتىنى پۇلاڭلاتقىنىچە:

— كاسىرام قېرى، سەن خاتىرجەم بول، ئۇ چوقۇم باش كۆتۈرىدۇ. مەن سېنىڭ بىلەن دو تىكىشىمەن، ئون يىلغا بارماي، ئۇ بۆلۈم باشلىقى بولالايدۇ، — دېدى.

كاسىرام ئۈنچىقىماستىن:

— سىلەرچە، ئۇ بۇ يىل يەنە ئۆسەرمۇ؟ — دەپ سورىدى. پېتولېر ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— مېنىڭچە، ئۇنىڭ بۇ يىل ئۆسۈشكە ئىشەنچىم كامىل. ئۇ مۇشۇنداق قۇۋۋەتلىق قىلىۋەرسە، بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشمەي قالمايدۇ، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەنسىپىنىڭ ئۆسۈشى ۋە مۇكاپات سوممىسىدىن ئىبارەت بۇ كونا تېما ئۈستىدىكى سۆھبەتكە كىرىشىپ كەتتى.

ئىشىك يەنە ئېچىلىپ، ناھايىتى ئالدىراش قىياپەتتىكى بىر يىگىت كىرىپ كەلدى. ئۇ پاكار بويلۇق، دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىدەك ياكى ئادۋوكاتلاردەك ساقال قويۇۋالغان بولۇپ، كۆڭلەكنىڭ تىك ياقىسى ناھايىتى ئۆرە ئىدى، ئۇ شۇنداق تېز سۆزلەيتتىكى، گېپىنى سۆزلەپ

بولۇشقا ئۆلگۈرەلمەيدىغانلىقتەك قىلاتتى. ئۇ ھەممەيلەن بىلەن قول ئېلىشىپ بولۇپ، خەۋەرچىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— سۆيۈملۈك كاسىرام، سىز چاپپېرلۇنىڭ 1875 - يىلى تۇلون ھەربىي پورتىدا كېمە ئارغامچىسى سېتىۋال- غانلىقىغا دائىر ئارخىپنى ماڭا بېرەلەرسىزمۇ؟ — دېدى.

كاسىرام ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەڭ ئۈستىدىكى قەغەز قاپلار ئىچىدىن كۆك كونۋېرتقا سېلىنغان ھۆججەتنى چىقىرىپ لېبسابىر ئەپەندىگە سۇنۇپ بەردى، بۇ ياش يىگىت ئۇنى ئالغاندىن كېيىن ئالدىراپ- تېنەپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ ئىشىكتىن چىقىشىغا، مازى ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— نېمىدېگەن چوڭ سالاپەت بۇ! گويا ئاللىقاچان بۆلۈم باشلىقى بولۇپ بولغاندەك، — دېدى.

پىتولىبر ئۇنىڭغا ئۇلاپلا:

— قاراپ تۇرۇڭلار! ئۇ چوقۇم بىزدىن بالدۇر بۆلۈم باشلىقى بولىدۇ، — دېدى.

كاسىرام داۋاملىق تىزىملاشقا باشلىدى، بىرئاز ئۆت- كەندىن كېيىن، يەنە ئىككى قولى بىلەن بېشىنى قامالاپ غەمگە پاتتى. ئۇ بۇرۇنلا دېگىنىمىز ئارمىيىسىنىڭ قورۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قىسمىدا ئوفىتسېر بولغان، نۇرغۇن جاپا- مۇشەققەتلەرنى تارتقان، شۇڭلاشقا باشلىقنىڭ ھوقۇقىنى دۇنيادىكى ئەڭ قالتىس نەرسە، دەپ قارايتتى. بۆلۈم باش- لىقى بولغان بىر كىشى ئۇنىڭ نەزەرىدە گويا چىققىلى بولمايدىغان باشقا بىر پلانېتادا ياشايدىغان، ئادەتتىكى ئا-

دەملەرگە ئوخشمايدىغان ئادەم ئىدى، ئۇنىڭ نەزەرىدە باشقىلار ناھايىتى چېۋەر، بېشىغا ناھايىتى تېزلا بەخت قۇشى قونىدۇ، دەپ تەرىپلەيدىغان بولۇم ئەزاسىمۇ گويا تۇغۇلۇشىدىنلا باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان باشقا بىر خىل ئادەم ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ ئۆز ئىشىدىشى لېسسابىرغا قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا توققۇز تەزىم قىلغۇدەك دەرىجىگە يەتكەنىدى.

ئۇنىڭ يەنە بىر مەخپىي ئارزۇسى بار ئىدى، ئۇ ھەمىشە قىزىنى لېسسابىرغا ياتلىق قىلىشنى ئويلايتتى. شۇنداق بولسا، ئۇنىڭ قىزى ھامان بىر كۈنى ناھايىتى كۆپ پۇلغا ئىگە بولاتتى. بۇ پوتكول مىنىستىرلىقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدىغان ئىش، چۈنكى ئۇنىڭ ھەدىسى كاسىرام خېنىمنىڭ بىر مىليون فرانكى، تويتوغرا بىر مىليونلۇق ئائىلە بىساتى بار ئىدى، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇنى مۇھەببەتكە تايىنىپ تاپقانىكەن. بۇ قېرى قىز ئۇزاقتىن بۇيان ئۆز ئىنىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ كەلگەنىدى. ئىنىسىنىڭ خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ قايتا ئۆيلەنمىگەن، يېنىدا كورالى ئاتلىق بىرلا قىزى بار ئىدى. كاسىرام خېنىم ئىنىسىنىڭ ئالدىدا ھەمىشە مۇنداق دەيتتى:

— مېنىڭ پۇللىرىمنىڭ ھەممىسى سېنىڭ قىزىڭغا مەنسۇپ. بىراق، دەرھال ئۇنى ياتلىق قىل، چۈنكى، مېنىڭ نەۋرە كۆرگۈم بار. ئۇ مېنى ئۆز قېنىمىزدىن بولغان بالىنى قۇچاقلاش، سۆيۈش شادلىقىدىن بەھرىمەن قىلسۇن.

بۇلار مىنىستىرلىقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدىغان ئىشلار بولۇپ، نىكاھ تەلىپىنى قويغانلارمۇ، تەبىئىيكى، ئاز ئەمەس ئىدى. ئائىلاشلارغا قارىغاندا، ھەتتا بۆلۈمدىكى كېلىشكەن يىگىت مازىمۇ كاسىرام بوۋاينىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەپ نېرى كېتەلمەيدىكەن. بىراق، قىسمىدىن چىقىنگەن بۇ ئوفىتسېر بۆلۈم باشلىقى بولۇشىدىن ئۈمىد بار، بۇ پېشقەدەم ئوفىتسېرنىڭ يۈزىگە شان ـ شەرەپ كەلتۈرەلەيدىغان ياشلاردىن بىرەرسىنى كۈيئوغۇل قىلىۋېلىشنى كۆزلەيدىكەن. لېسابىر تازا باب كېلىدىكەن. ناھايىتى ئۇزاقتىن بۇيان، ئۇ بىر ئىلاج قىلىپ ئۇنى ئۆز ئۆيىگە باشلاپ بېرىشنى ئويلايدىكەن.

توساتتىن ئۇ قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ ئورنىدىن تۇردى، چارە تېپىلغانىدى.

كاسىرامنىڭ بەش يىلدىن بۇيان دەرىجىسى ئۆستۈرۈلمىگە چكە، بۇ يىل دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈپ قېلىشىغا ئىشەنچى كامىل ئىدى. ئۇ بۇ قېتىملىق دەرىجە ئۆستۈرۈشتە تامامەن لېسابىرنىڭ كۆچىگە تايىنىدىغان قىياپەتكە كىرىۋالدى، مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئۇ ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرۇشنى باھانە قىلىپ، ئۇنى تاماققا تەكلىپ قىلالايتتى. بۇ ياش يىگىت مۇشۇ تاپتا بىر چوڭ ئۈستەلدە خەت يېزىۋاتاتتى. ئۇ خەۋەرچىنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، سەمىمىي ۋە ھۆرمەت تەلەپپۇزى بىلەن:

ــ قانداق، سۆيۈملۈك دوستۇم، سىز ماڭا نۇرغۇن ئا-

لاقه ئېلىپ كىردىڭىزغۇ، دەيمەن؟ — دېدى.

كاسىرام بېشىنى لىڭشىتقىنىچە ئولتۇرۇپ، ئىككى قېتىم يەڭگىل يۆتىلىپ قويۇپ، دۇدۇقلاپ:

— لېسابىر ئەپەندىم، مەن گەپ ئەگىتىشنى ياقتۇر- مايمەن، مەن سىزدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ كەلدىم، — دې- دى.

— قايسى ئىشىڭىزغا ياردەم بېرىمەن؟

— ئوچۇقلا ئېيتاي، بۇ يىل مېنىڭ دەرىجەم ئۆسمىسە بولمايدۇ. ئىدارىدە ھېچقانداق ھىمايىچىممۇ يوق، شۇڭلاشقا سىزنى ئويلىدىم.

لېسابىر ھەم ھەيران قالدى، ھەم خۇشال بولدى، ئۇ قىيىن ئەھۋال ئىچىدە يەنىلا ئىنتايىن مەمنۇنىيەت ھېس قىلدى. ئۇ جاۋاب بېرىپ:

— بىراق دوستۇم، مەن بۇ يەردە ھېچقانچە ئادەم ئە- مەس، مەن سىزگىمۇ يەتمەيمەن، سىز مۇدىر بۆلۈم ئەزاسى بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىسىز.... — دېدى.

كاسىرام دەرھال ئىززەت- ئىكرام بىلەن ئۇنىڭ سۆ- زىنى بۆلۈپ:

— بولدى، بولدى! بۆلۈم باشلىقى سىزنىڭ گېپى- ڭىزنى ھەممىدىن بەك ئاڭلايدۇ، سىز مەن ئۈچۈن بىرنەچچە ئېغىز چىرايلىق گەپ قىلىپ قويسىڭىزلا، چوقۇم مۇۋەپ- پەقىيەت قازىنىمىز. توغرا، ھەدىمىنىڭ بىر مىليون فراڭ- كى بار، بىراق، ئۇنىڭ بۇ بىر مىليون فرانكى ئۆسۈم تۇ-

غىدىغان پۇل، بىر تىيىنىنىمۇ ئېلىشقا بولمايدۇ. بۇ پۇل مېنىڭ قىزىمغا قالدۇرۇلغان، لېكىن، قىزىم بىلەن ئىك-كىمىز بىر ئادەم ئەمەس-تە. كەلگۈسىدە مۇبادا، قىزىم بىلەن كۈيئوغلۇمنىڭ پەيتۇندا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۆزۈم يەيدىغان نەرسىمۇ تاپالمىسام، تازا قىزىق ئىش بولمامدۇ؟ بۇنى سىزمۇ چۈشىنەلەيسىزغۇ دەيمەن، شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

لېسسابىر بېشىنى لىڭشىتىپ:

— دېگەنلىرىڭىز توغرا. مەن چوقۇم كۈچۈمنىڭ بارىچە تىرىشىمەن. مەن بۆلۈم باشلىقىغا دەيمەن، ئۇ-نىڭغا سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى چۈشەندۈرىمەن، سىز خا-تىرجەم بولۇڭ! — دېدى.

بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى، بىر كۈنى ئەتىگەندە كا-سىرام ئىش ئۈستىلىنىڭ ئۈستىدە كونۋېرتقا سېلىنىپ ئاغزى يېلىمەنگەن بىر پارچە خەتنى كۆرۈپ قالدى، خەتنى لېسسابىر يازغانىدى، ئۇ خېتىدە مىنىستىرنىڭ باشقارما، بۆلۈم باشلىقلىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئۇنى مۇدىر بۆلۈم ئەزالىقىغا تەيىنلەشكە قول قويغانلىقىنى مۇددەت-تىن بۇرۇن ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇپ قويغانىدى.

كاسىرام دەرھال بۇ ياش ئىشدىشىنىڭ ئىشخانىسىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭ شەپقىتىگە لايىق بىر قاتار سۆزلەرنى قىلدى. ئىككىنچى كۈنى كۆپچىلىك دېگەندەكلا لېسسابىر ئەپەندى بىلەن

كاسىرام ئەپەندىنىڭ ھەربىرى بىر دەرىجىدىن ئۆستۇرۇ-لىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدى. قالغان بۆلۈم ئەزالىرى يەنە بىر يىل ساقلاشقا توغرا كېلەتتى.

كېيىنكى دۈشەنبە كۈنى، كاسىرام مىنىستىرلىققا كېلىپلا ئۆز ھىمايىچىسىنى ئىزدىدى. ئۇ تەمكىن ھالدا ئىشخانىغا كىرىپ، ناھايىتى تارتىنىپ- قورۇنغان ھالدا:

— مەن سىزنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى ئاجرىتىپ، كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئائىلەمگە قەدەم تەشرىپ قىلىشى-ڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ۋاقتىنى ئۆزىڭىز بېكىتىپ بې-رىڭ، — دېدى.

ياش يىگىت ناھايىتى خۇشال ھالدا ماقۇل بولۇپ، ۋا-قىتنى شەنبە كۈنى قىلىپ بېكىتتى. ئۇ كۈلگىنىچە يەنە بىر جۈملە قوشۇپ قويدى:

— بۇنداقتا، مېنىڭ ئەتىسى ئەتىگەن تۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى قالمىدى.

## 2

كاسىرام ئەپەندى روچېس شۇۋار كوچىسىغا جايلاشقان ئالتە قەۋەتلىك بىنادىكى بالكونلۇق بىر يۇرۇش ئۆيدە ئولتۇراتتى. بالكوندىن پۈتكۈل پارىژغا نەزەر سالغىلى بو-لاتتى. ياتاق ئۆي جەمئىي ئۈچ ئېغىز بولۇپ، ھەدىسى، قىزى ۋە ئۆزى بىر ئېغىزدىن ياتاق ئۆيگە جايلاشقانىدى. بۇ ئۆيلەردىن

باشقا يەنە بىر ئىغىز ئاشخانا بار بولۇپ، ئۇنى ئوخشاشلا مېھمانخانا قىلىپمۇ پايدىلانغىلى بولاتتى.

ئۇ بۇ مېھمانغا ھەم ئەمەلىي نەپ بېرىدىغان، ھەم مەززىلىك تائاملارنى تەييارلاش ئۈچۈن، توپتوغرا بىر ھەپتە پايپېتەك بولدى. قانداق قورۇمىلارنى تەييارلاش ئۈچۈنلا ناھايىتى ئۇزاق كېڭەشتى. ئەڭ ئاخىردا تۇخۇم شورپىسى، دېڭىز راكى كولباساسى، قىسقۇچپاقا، چۈجە كاۋىپى، پۇر-چاق كونسېرۋاسى، جاڭيۇغا چىلانغان غاز جىگىرى، سوغۇق خام سەي، ماروژنا ۋە پېچىنە قاتارلىق تائاملار تەييارلاندى. جاڭيۇغا چىلانغان غاز جىگىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى تال-لاپ، يېقىن ئەتراپتىكى بىر گۆش دۇكىنىدىن بىر ئە-دىشنى ئۈچ يېرىم فرانكقا سېتىۋالدى، دوقمۇشتىكى بىر كىچىك قاۋاقخانىدىن قىزىل ئۈزۈم ھارىقى سېتىۋالدى.

شەنبە كۈنى ئۇ بالدۇرلا قايتىپ كەلدى، ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ تەخ بولغان-بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى ئىدى. ئۇ تاماقخانىغا كىرىپ، بىر-بىرلەپ تەكشۈردى.

سول تەرەپتىكى ئىشىك ئېچىلىپ، بىر پاكار موماي چىقتى، ئۇ ئىنىسىدىن 10 ياش چوڭ بولۇپ، يۈزلىرى سوزۇنچاق، چېكە چاچلىرى ئاقارغانىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئىنچىكە بولۇپ، دەلدەڭلەپ روھسىز يول ماڭاتتى.

ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىك ئېچىلىپ، كاسىرامىنىڭ قىزى چىقىپ كەلدى. ئۇ ئېگىز بويلۇق، سېمىز، يۈزلىرى قىپ-قىزىل، قوڭۇر چاچلىق، كۆك كۆزلۈك، تېنى تىمەن-

ساغلام، چىرايلىق قىز ئىدى. ئۇنىڭ ئاددىيغىنە كۆڭلىكى تولغان يۇمران بەدىنىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق بولۇپ، كىچىك بالىلاردەك ئالىقانلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇرغىنىچە:

ــ ئاھ خۇدا، بۇ شامپان ھارىقىغۇ ـ ھە، مەن نېمىدېگەن بەختلىك! ــ دېدى ئۇ ئاۋازلىق قىلىپ.

ــ بۇ مېھمانغا ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىڭ، ئۇ ماڭا نۇرغۇن ياردەم بەرگەن، ــ دېدى دادىسى ئۇنىڭغا، قىزى بۇنى مەن بىلمەن دېگەندەك قىلىپ كۈلۈپ قويدى.

كارىدوردىن قوڭغۇراق ئاۋازى ۋە ئىشىكنىڭ ئېچىلغان ـ يېپىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. لېسسابىر كەلگەندى. قارا مۇراسىم كىيىمى، ئاق كېيىنەك گالستۇك، ئاق پەلەي كىشىگە ئىنتايىن ياخشى تەسىرات بېرەتتى. كاسسىرام ئالدىراپ ئالدىغا چىقىپ:

ــ ۋاي ـ ۋۇي، سۆيۈملۈك دوستۇم، ھەممىمىز ئۈز ئادەم، قاراڭ، مەن ئادەتتىكىچە كىيىنىۋالدىم، ــ دېدى.

ــ كەچتە مۇراسىم كىيىمى كىيىپ سىرتقا چىقىش مېنىڭ ئادىتىم، ــ دېدى ياش يىگىت جاۋاب بېرىپ. ئۇنىڭ كىيىمىگە بىر تال گۈل قادالغانىدى. ئۇ شىلەپىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ تەزىم قىلدى.

تېيسسار ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ:

ــ ھەددىم چارلوتتې، قىزىم كورالى، بىز ئائىلىدە ئۇنى كورا دەيمىز، ــ دېدى.

كاسىرام كەينىگە بۇرۇلۇپ، ھەدىسىگە:

— بۆلۈمدە بارلىق قىيىن مەسىلىلەرنى لىيساسابىر ئەپەندىم بىر تەرەپ قىلىدۇ، ئۇ بۆلۈم باشلىقىمىنىڭ ئوڭ ـ سول قولى، — دېدى.

قېرى قىز ئەدەپ ـ ئىكرام بىلەن بەللىرىنى ئېگىپ:

— ھە! ئەپەندىمنىڭ ناھايىتى ئىقتىدارلىق ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، — دېدى.

دېدەك قىز چوڭ بىر كورىدكى شورپىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ساھىبخان يۇقىرى ئاۋازدا:

— بولدى، تاماق يەيلى! سىز مۇنۇ يەردە ئولتۇرۇڭ، لىيسابىر ئەپەندىم، ھەدەم بىلەن قىزىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇڭ، — دېدى.

كەچلىك تاماق باشلاندى. لىيسابىر ھە دېسىلا كورالىغا قاراپ قوياتتى، ئۇنىڭ لاتاپىتى، ئادەمنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلتۈرىدىغان ساغلام، گۈزەللىكى ئۇنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغانىدى. چارلوتتې خېنىم ئىنىسىنىڭ مۇددىئاسىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ ئەپلەپ ـ سەپلەپ، بۇخىل ئائىلە ئىشلىرىلا سۆزلىنىدىغان ئىنتايىن مەنىسىز سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇش كويىدا بولماقتا ئىدى. كاسىرام يۈزلىرىدىن نۇر چاقنىتىپ، بىر تەرەپتىن يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەيتتى، چاقچاقلىشاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن ھاراق قۇياتتى. ياش قىز بۇ ئەرنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ تارتىنىپ، قورۇنۇپ، قىزىرىپ كەتكەنىدى.

ئۇلار ئۇلاپلا مىنىستىرلىقنىڭ ئىشلىرى ھەققىدە سۆزلەشتى، بۇ كۆپچىلىك قىزىقىدىغان بىر سۆز ئىدى. لىيسابىر گويا مىنىستىر ئۆز قول ئاستىدىكىلەرگە باھا بەرگەندەك، ئۆزىنى ناھايىتى چوڭ تۇتقان تەلەپپۇزدا ئۇلار توغرىلىق سۆزلەيتتى.

چۈجە گۆشى كاۋاپى يېيىلىپ بولدى. تېبىسار جاڭيۇغا چىلانغان غاز جىگىرى ئىدىشىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشتىكى ئەستايىدىل ۋە جىددىي كەيپىياتىدىن بۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنىڭ ناھايىتى داڭلىق ۋە قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. ھەممەيلەن ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن سېرىق ئىدىشقا قاچىلانغان بۇ پىششىق يېمەكلىكنى ئاستا ـ ئاستا يېيىشكە باشلىدى. ئەمدى «پادىشاھ قاتلىمىسى» كەلتۈرۈلدى، كاسىرام گويا بۇنىڭغا بىر مۇھىم سىر يوشۇرۇنغاندەك. سىرلىق بىر قىياپەتتە قاتلىمىنى توغرىدى، ھەممە كىشى سىمۇۇللۇق مەنىگە ئىگە بۇ قاتلىمىغا تىكىلىپ قارىشاتتى. قاتلىمىنى ئۆزئارا سۇنۇشقاندا، ھەربىر ئادەمگە كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئۆز نېسىۋىسىنى ئېلىش تاپىلاندى. ھېلىقى بىر تال پۇرچاقنى كىم ئېرىشەر؟ ھەممە ئادەمنىڭ لېۋىدە ئەخمىقانە تەبەسسۇم جىلۋىلەندى. لىيسابىر ئەپەندى توساتتىن ھەيرانلىق ئىچىدە بوش توۋلاپ: «ۋاھ!» دەۋەتتى، ئۇ باش بارمىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقى ئارىسىغا بىر تال چوڭ ئاق پۇرچاقنى قىسىپ

كۆپچىلىككە كۆرسەتتى، پۈرچاقنى قاتلىما ئۇۋاقلىرى چاپلاشقانىدى. كۆپچىلىك بىرلىكتە: «پادىشاھ، پادىشاھ!» دەپ چۇقىرىشىپ كەتتى، كاسىرام چاۋاك چالدى، بىرئاز ئۆتكەندىن كېيىن يۇقىرى ئاۋازدا:

— ئەمدى خانىشنى سايلايلى! خانىشنى سايلاي-لى! — دېدى.

«پادىشاھ» سەل ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى ـ دە، كېيىنگە بۇرۇلۇپ تەگدىشى يوق بۇ پۈرچاقنى يېنىدىكى قىزچاقنا تەقدىم قىلىپ:

— خانقىز، سىزگە تەقدىم قىلىشىمغا رۇخسەت قىلارسىزمۇ؟— دېدى. ئۇلار تۇنجى قېتىم بىر ـ بىرىگە روبىرو قاراشتى. خانقىز:

— رەھمەت، ئەپەندىم! — دەپ قويدى ـ دە، پادىشاھ-لىق ھوقۇقىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ نىشاننى قوبۇل قىلدى. ئۇ كۆڭلىدە: «بۇ قىز نەقەدەر گۈزەل، ئۇنىڭ كۆزلىرى گۈزەللىكتە چېكىگە يېتىپتۇ، پاھ ـ پاھ، ئۇ نەقەدەر كېلىشكەن ـ ھە!» دەپ ئويلىدى.

كەچلىك تاماق خۇشال كەيپىيات ئىچىدە ئاياغلاشتى. «پادىشاھ» نىڭ «خانىش» قا بولغان پوزىتسىيىسى سە-ممىمي، يېقىملىق بولدى. كاسىرام:

— دېدەك قىز ئۇستەلنى يىغىشتۇرۇۋەتسۇن، بىزمۇ ئازادىرەك ئولتۇرايلى. يامغۇر ياغمىغان بولسا، بالكونغا چىقىپ بىردەم تۇرايلى، — دېدى. گەرچە قاراڭغۇ چۈشۈپ

قالغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا لىبساپىرغا تاشقىرىنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرسەتكۈسى كېلىۋاتاتتى.

ئۇلار ئەينەك ئىشكنى ئېچىۋەتتى. نەمخۇش، لەرزان شامال ئۆي ئىچىگە كىرىشكە باشلىدى. بىر پارچە غۇۋا نۇر گويا پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشىدىكى نۇرلۇق چەمبەرەكتەك، بۇ چوڭ شەھەرنى قاپساپ تۇراتتى. لىبساپىر كورانىڭ يېنىدا تۆمۈر رېشاتكىغا تايىنىپ تۇراتتى. خانقىز خىيالغا پاتقان هالدا ئۇن - تىنسىز يىراق - يىراقلارغا تىكىلگەنىدى.

لىبساپىر بوش ئاۋازدا، كورادىن:

— كورا خانقىز، سىزمۇ ئېگىزدە تۇرۇپ پارىژغا نەزەر سېلىشنى ياخشى كۆرەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

خانقىز خۇددى چۈشىدىن ئويغانغاندەك، سەل - پەل تىترىدى - دە، جاۋابەن:

— مەن؟.... شۇنداق، بولۇپمۇ ئاخشىمى، مەن بىزنىڭ ئالدىمىزدا قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئويلايمەن، — دېدى.

ئۇ خانقىزغا بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئىدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ بىلەكلىرى ۋە مۈرىلىرىمۇ بىر - بىرىگە تېگىشىپ قالدى. لىبساپىر:

— ئاي نۇرى ئاستىدا، چوقۇم سېھىرلىك ئالەمدەك گۈزەللىشىپ كېتىدىغاندۇ - ھە؟ — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، خانقىزنىڭ ھەۋىسىنى، ئوي - خىيالىنى، كۆڭۈل ئېچىش ئەھۋالىنى سورىدى.

خانقىز قىلچە تارتىنماستىن بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بەردى. ئۇ قەتئىي، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ئەمما فانتازىيىگە بەك ـ مۇ بېرىلىپ كەتمەيدىغان قىز ئىدى. ئۇ بۇ قىزنىڭ ناھايىتى بىلىملىك ئىكەنلىكىنى سېزىپ، كۆڭلىدە:

— مۇبادا، ھەر كۈنى كەچتە مۇشۇ بالكوندا مۇشۇ قىزنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلەشسەم، نەقەدەر لەززەتلىك ئىش بولاتتى، — دەپ ئويلىدى.

كاسىرام غاڭزىسىنى ئالدى. ئۇ بىر تەرەپتىن غاڭ ـ زىغا ئوت تۇتاشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيان ـ بۇيان ماڭاتتى. ئۇ:

— مۇبادا، مەن بىنانىڭ ئاستىدا ئولتۇرغان بولسام، تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن بولاتتىم. ئەمەلىيەتتە، بىز كۆچۈپ چۈشۈپ ئولتۇرساقمۇ بولىدۇ، چۈنكى بۇ ئۆي ۋە يەنە ئولڭ ـ سول تەرەپتىكى ئىككى ئۆينىڭ ھەممىسى ھە ـ دەمنىڭ. بۇ بىرقانچە ئۆيگە ئەينى ۋاقىتتا ھېچقانچە پۇل خەجلەنمىگەندى، — دېدى.

بۇنىڭغا ئۇلاپلا ھېلىقى قېرى قىز ئىنچىكە ئاۋازدا بېسىقماي سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ ئۆز مال ـ مۈلكى ھەققىدە بىر ـ بىرلەپ مىسالغا ئېلىپ سۆزلەيتتى، قان ـ چىلىك پۇلغا سېتىۋالغانلىقىنى، باشقىلار قانداق باھا قويغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ قانچە پايدا ئالالايدىغانلىقىنى، ۋەھاكازالارنى سۆزلەيتتى.

لېسابىر ئىنتايىن ھەۋەس قىلىپ قالدى. ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ، بالكوننىڭ رېشاتكىسىغا دۈمبىسىنى تىرىدى. بىراق ئۇنىڭ كېيىنى ئۇ چالا ـ پۇچۇقلا ئاڭلىيالىدى،

شۇنىڭ بىلەن ئۇ توساتتىن ياش قىز ھەمراھىنى تاشلاپ، بىرىپ تەپسىلىي ئاڭلىماقچى بولدى. ئۇ چارلوتتې خې- نىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى ئۇزاق پاراڭلاشتى. ئۇلار ئۆي ئىجارىسىنىڭ قانچىلىك ئۆسۈشى مۇمكىنلىكى، دەسمايىنى پاي چېكى ياكى ئۆي - زېمىن كەسپىگە سالسا، قانچىلىك ئۆسۈمگە ئېرىشكىلى بولى- دىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەشتى.

تاكى تۈن كېچە سائەت ئون ئىككى بولغاندىلا، ئۇ خوشلىشىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى ۋە ماڭىدىغان چاغدا بوش ۋاقتى بولسا، يەنە كېلىدىغانغا ماقۇللۇق بەردى.

بىر ئايدىن كېيىن پۈتكۈل مىنىستىرلىقتا ياك لىئونپورت. لېسسابىر بىلەن سالىستى كورالى. كاسىرام خانقىزنىڭ توي ئىشىدىن باشقا گەپ - سۆز بولۇنمىدى.

3

ياش ئەر - خوتۇن ئىككىسى كاسىرام بىلەن چارلوت- تې خېنىم تۇرغان ھېلىقى قەۋەتتە ئولتۇردى. تۇرالغۇ- نىڭ سەرەمجانلاشتۇرۇلۇشىمۇ ئۇلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى، ئەسلىدە ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغانلار ھەيدىۋېتىلگەنىدى.

ھالبۇكى، بىر ئىشتىن لېسسابىر تېخىچە خاتىرجەم بولالمايۋاتاتتى، ئۇ بولسىمۇ كورالىنىڭ ھامىسىنىڭ

تېخىچە مىراسنى كورالىغا قالدۇرغانلىقى توغرىسىدا بىر پارچە تىل خەت يېزىپ بەرمەيۋاتقانلىقى ئىدى. بىراق، ھامىيسى ۋەسىيەتنامىنى ئالىلقاچان يازدۇرۇپ قويغانلىقىنى، ئۇنىڭ گۇۋاھچىدا ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتقاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق مۈلكىنى ئۆزىنىڭ جىيەن قىزىغا قالدۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاغزاكى ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىر شەرتى بار ئىدى. ئۇ مېھرىبانلارچە كۈلۈپ تۇرۇپ، بۇ شەرتنى ئورۇندىماق ناھايىتى ئاسان دېسىمۇ، ئۇنىڭ قانداق شەرت ئىكەنلىكىنى ھەرقانچە قىلسىمۇ دەپ بەرگىلى ئۇنىمايتتى.

ھازىر، گەرچە لېسابىرنىڭ كۆڭلىدە بىر تۈگۈن ساقلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى بەختلىك ھېس قىلاتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ خوتۇنىنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ تۇرمۇشى ھەم خاتىرجەم، ھەم ئاددىي — بىر خىل ئۆتۈۋاتاتتى. بىرنەچچە ھەپتە ئۆتمەيلا، ئۇ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغان ئەرلەرنىڭ يېڭى تۇرمۇشىغا كۆنۈپ قالدى ھەمدە بۇرۇنقىدەكلا كەم ـ كۈتىسىز بىر ياخشى ھۆكۈمەت خادىمى بولۇپ قېلىۋەردى.

بىر يىل ئۆتۈپ، يەنە يېڭى يىل كەلدى. ئۇنىڭ دەرىجىسى ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك ئۆسمىدى، بۇ ئىش ئۇنى قاتتىق چۆچۈتىۋەتتى. مازى بىلەن پىتولېر ئىككىسىنىڭلا دەرىجىسى ئۆستى. لېسابىر بۆلۈم باشلىقىنى تېپىپ سۆزلىشىپ باقماقچى بولدى.

بىر دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندە، ئىشداشلىرى تېخى يېتىپ كەلمىگەندە، ئۇ بىرىپ بۇ ئىستىبدات جادۇگەر-نىڭ ئىشىكىنى چەكتى.

تورسىبوپ ئەپەندى ئالاقە دۈۋىلەنگەن بىر چوڭ ئۈستەل ئالدىدا ئولتۇرۇپ، نېمىدۇر بىر نەرسە يازماقتا ئىدى. ئۇنىڭ بويى ئىنتايىن پاكار بولۇپ، كالىلىسى قارىماققا، گويا سىياھ سۈمۈرىدىغان قەغەز ئۈستىگە ئورنىتىپ قويۇلغاندەكلا كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۆزى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بۇ بۆلۈم ئەزاسىغا:

— خەيرلىك سەھەر، لېسابىر، سالامەتمۇسىز؟ — دې-دى.

لېسابىر بىرئاز ھاياجانلىنىپ، دۇدۇقلىغىنىچە:

— سۆيۈملۈك باشلىق، سىزدىن شۇنى سورىغۇم كېلىۋاتىدۇكى، مېنىڭ نېمە خاتالىقىم بار؟ چۈنكى بۇ يىل مېنىڭ بۇرۇنقى يىللاردىكىدەك دەرىجەم ئۆستۈرۈل-مىدى، بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىۋاتىمەن، — دېدى.

تورسىبوپ ئەپەندى چۆچۈپ كەتتى، ئۇ سوغۇق تە-لەپپۇزدا:

— قائىدە بويىچە بولغاندا، بۆلۈم باشلىقى بىلەن بۆلۈم ئەزاسى ئوتتۇرىسىدا بۇ خىل ئىش توغرىلىق سۆزلىشىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. بىراق، سىز خىز-مەتتە خېلى كۆپ نەتىجە ياراتقىنىڭىز ئۈچۈن، مەن قا-ئىدىنى بۇزۇپ سىزگە جاۋاب بېرىۋاتىمەن. مەن بۇرۇنقى

يىللاردىكىدەك سىزنى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەنىدىم، لېكىن باشقارما باشلىقى سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى ئۆچۈرۈۋېتىپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، سىز توي قىلغاندىن كېيىن، گۈزەل بىر كېلەچەك سىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. سىز شۇ تۇپەيلى نامرات ئىشداشلىرىڭىز ئۆمۈر بويى تۇپلىيالمىغۇدەك بايلىققا ئىگە بولالايدىكەنسىز. دوستۇم، مانا بۇ — ئەسلىدىكى دەرىجىڭىزنى ساقلاپ قالالمىغانلىقىڭىزنىڭ سەۋەبى، — دېدى.

لېسابىر ھەم ئوڭايسىزلىنىپ، ھەم غەزەپلىنىپ چىقىپ كەتتى.

كەچلىك تاماق يەۋاتقاندا، ئۇ ئايالىغا ئازراقمۇ يۈز ـ خاتىر قىلمىدى. ئايالى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، دەسلەپكى سېھرىي كۈچىنى يوقاتقانىدى. ئۇنىڭدا بەزىدە بىزارلىققا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل ئۈمىدسىزلىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ قالاتتى، بۇ خىل تۇيغۇ ئىككى ئادەم بىللە تۇرمۇش كەچۈرگەندەك ناھايىتى ئوڭايلا پەيدا بولىدۇ.

چارلوتتىي خېنىممۇ ئۇنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىنى ئىدارە قىلىشتۇرۇپ كۆڭۈلسىز قىلىپ قويدى. چۈنكى، ئۇ ئۇنىڭ ئائىلىسىدە تۇرۇۋېلىپ كەتمەيتتى، بەلكى ھەممە ئىشقا چات كىرىۋېلىپ، ھەممە ئىشتا ئەيىبلەيتتى. لېسابىر ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ خاپا قىلىپ قويۇشتىن قورقۇپ، تاقەت قىلىپ ئۇنىڭغا يول قوياتتى، بىراق، قورساقتىكى

ئاغرىنىشى بارغانسېرى چوڭىيىپ كېتىۋاتاتتى.

ئەر ـ ئايال ئىككىسى يالغۇز قالغان چاغلىرىدا، لېسابىر چىدىيالماي ۋارقىراپ كېتەتتى:

— هاماڭغا زادىلا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. مەن ئەمدى سەۋر ـ تاقەت قىلالمايمەن!

ئايالى ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن:

— راست دەيسىز، بۇ ئائىلىدە ئادەمنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىدى؛ بىراق، ھېلىقى مىراس ھامان ياخشى، توغرىمۇ؟ چارلوتتې هامماڭنىڭ رايىغا  باقسىڭىز، سىزنىڭ ئېرىشىدىغىنىڭىزمۇ مىڭلىغانكىلا كۆپ بولىدۇ — دەيتتى.

ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، ئۈنچىقمايتتى.

كورانىڭ هامىمىسى پۈتۈن نىيىتى بىلەن ئۇلارنىڭ پەرزەنت كۆرۈشىنى ئويلايتتى، ئۇ ھازىر مۇشۇ مەسىلە ئارقىلىق ئۇلارنى قىينايتتى. ئۇ لېسابىرنى بۇلۇڭغا ئىتتىرىپ ئاپىرىپ، ئۇنىڭغا پىچىرلىغىنىچە:

— كۆيئوغلۇم، مەن سىزنىڭ مەن ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئاتا بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، مەن مىراسخورۇمنى كۆرۈشۈم كېرەك — دەيتتى.

ئۇلار توي قىلغىلى ئون بەش ئاي بولدى، لېكىن ئۇنىڭ ئارزۇسى تېخى ئەمەلگە ئاشمىدى، شۇڭلاشقا ئۇنىڭدا گۇمان تۇغۇلۇپ، بارغانسېرى ئالدىرىماقتا ئىدى.

كۈتۈلمىگەندە، بىر كۈنى، ئەتىگەندە، چارلوتتې خېنىم

بىئاراملىق ھېس قىلىپ، ئورنىدىن تۇرالمىدى، ئۇ ئە-زەلدىن ئاغرىپ باقمىغاچقا، كاسىرام ھەممىدىن بەك جىددىيلىشىپ قالدى. لېسابىر كۆڭ بويى ئەنسىرەپ، خاتىرجەم بولالمىدى، كۆڭلىنى توختىتالمىغاچقا خىز-مەت قىلىشقا، كوپىيە تۈزۈشكە، ھۆكۈمەت ئىشلىرى ئۈستىدە ئويلىنىشقىمۇ مۇمكىن بولمىدى. ئۇ نائىلاج، سائەتنىڭ بەش بولۇشىنى كۈتتى. ئىشتىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىنىش بىلەنلا، ئۇ تىكىۋەتتى. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئىشتىن چۈشۈپ ئائىلىسىگە قايتىشى ئىدى.

ئۇنىڭ قېيىناتىسى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئى-شىكنى ئېچىپ چىقىپ كەلدى ۋە تۆۋەن ئاۋازدا:

—ئەھۋال ئېغىر، ناھايىتى ئېغىر، ئۇ تۆت سائەت بىھوش ياتتى. چۈشتىن كېيىن ھەتتا جان ئۈزۈش ئال-دىدىكى مۇقەددەس ئىشمۇ ئورۇندىلىپ بولدى،—دېدى.

لېسابىر پۇتلىرىنىڭ ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋات-قانلىقىنى سەزدى، ئۇ ئولتۇرۇۋېلىپ:

—دوختۇر زادى نېمە دېدى؟—دەپ سورىدى.

—ئۇ سەكتە بولۇپ قاپتۇ. ئېھتىمال ياخشى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، بىراق بۈگۈن ئاخشام تۈگەپ كېتىم-شىمۇ مۇمكىن،— دېدى.

لېسابىر ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كىردى. ئۆي ئۇنىڭ

نەزەرىدە ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى، بۇرۇنقىدىن چوڭىيىپ، بۇرۇنقىدىن يورۇق بولۇپ ئۆزگەرگەنىدى. بىراق، ئۇ خاتىرجەم ئولتۇرالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالكونغا چىقتى. بۇ دەل يەتتىنچى ئاينىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرى ئىدى؛ قۇياش تىروكادىلو ئوردىسىدىكى ئىككى قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ كەينىگە پاتماقتا ۋە چەكسىز نۇرلىرىنى زىچ جايلاشقان سان ـ ساناقسىز ئىمارەتلەرنىڭ ئۆگزىلىرىگە سەپمەكتە ئىدى. لېسسابىر ئىككى قولى بىلەن تۆمۈر رېشاتكىغا تايىنىپ، گويا هاراق ئىچكەندەك، كىشىنى مەستخۇش قىلىدىغان هاۋانى سۈمۈرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ سەكرىگۈسى، تولغۇسى، موللاق ئاتقۇسى كېلەتتى، چۈنكى ئۇ قەلبىگە بىرخىل تەسۋىرلىگۈسىز غەلىبە شادلىقىنىڭ تولغانلىقىنى هېس قىلدى.

كەينىدىن ئاڭلانغان ئاۋاز ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئەسلىدە خوتۇنى قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزارغان، يۈزلىرى ئىششىغان، قارىماققا ناهايىتى هارغىن ئىدى. ئۇ خوتۇنىغا ئەگىشىپ ياتاق ئۆيگە كىردى.

كاسىرام شىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ قىزى بىلەن كۆيئوغلىنى ساقلاۋاتاتتى. سوغۇق توخۇ گۆشى، ياڭيۇ ئۇسۇلغان تەلەڭگە ۋە بىر تەخسە بۆلجۈرگەن چىنە ـ قاچا ئىشكاپىغا قويۇپ قويۇلغانىدى، تەلەڭگىدىكى شورپىدىن هور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئۇلار ئولتۇردى. كاسىرام:

— بۇنداق كۆڭلەرنىڭ ھەممىشە بولۇشىنى ياقتۇرمايمەن. ھەقىقەتەن چىدىماق تەس ئىكەن، — دېدى.

ئۇ بۇ گەپنى دەۋاتقان ۋاقتىدا، تەلەپپۇزى سوغۇقراق بولسىمۇ، يۈزلىرىدە بىرخىل رازىمەنلىك جىلۋىلەندى. ئۇنىڭچە، شورپا ناھايىتى تەملىك، ياڭيۇ ئىنتايىن مەززىلىك پىشۇرۇلغان ئىدى، ئۇنىڭ ئىشتىيىمۇ ناھايىتى ياخشى ئىدى، شۇڭلاشقا چاينىماي دېگىدەك يۇتۇشقا باشلىدى.

بىراق، لېسسابىرنىڭ كۆڭلى دەككە - دۈككىدە ئىدى، ئۇ زادى بىر نەرسە يېمىدى، ئۇنىڭ دىققىتى يان ئۆيدىكى تىۋىشتا ئىدى، كورانىڭمۇ قورسىقى ئاچمىغانىدى، ئۇنىڭ كۆڭلى بىئارام بولۇپ، ھە دېگەندىلا سالفېتكىنىڭ* بۇرجىكى بىلەن لىقمۇلىق ياشقا تولغان كۆزلىرىنى سۈرتۈپ قوياتتى.

بۆلجۈرگەن يېيىشكە باشلىغاندا، بىمار ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكى توساتتىن ئېچىلدى. تاماق يەۋاتقان ئۈچ كىشى شارتتىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. پاكارغىنا دېدەك قىز كىرىپ كەلدى ۋە ئالدىرىماي - تېنىمەي:

— ئۇ نەپەستىن قالدى، — دېدى.

كاسىرام سالفېتكىنى تەخسىگە تاشلاپ، ساراڭدەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى، كورا ئۇنىڭغا ئەگەشتى، ئۇنىڭ

* سالفېتكا—ياۋروپالىقلار غىزا يېگەندە ئالدىغا تارتىۋالىدىغان ياغلىق.

يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقاتتى. لېكىن لېساېر ئىشىكتە تۇرۇپ، بىمار ياتقان كارىۋاتقا يىراقتىن قارىدى. ئۇنىڭ قېپىناتىسى ئۆزىگە دۈمبىسىنى قىلىپ، كارىۋاتنىڭ يې-نىدا ئېگىشىپ تىگشاۋاتاتتى، خوتۇنى بولسا تىزلىنىپ، يۈزىنى يوتقانغا يېقىپ، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاۋاتاتتى. بۇ ۋاقىتتا، ئۇ كىرىش قارارىغا كېلىپ، كاسىرامنىڭ بېلىنى رۇسلىشىنى كۈتتى، چارلوتتې خېنىمنىڭ ئاق ياستۇق ئۈستىدىكى يۈزىگە قارىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغان، يۈزلىرى تارتىشىپ، تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، قارىماققا موم ھەيكەلگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. لېساېر جىددىيلىشىپ:

— تۈگەپتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

كاسىرام ھەدىسىگە قارىغىنىچە جاۋاب بېرىپ:

— شۇنداق، — دېدى. ئۆزىنى يالغاندىن ئازابلانغاندەك كۆرسەتسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىر قاراپلا بىلىۋالدى ھەمدە نېمە ئۈچۈندۇر توساتتىن ئىخ-تىيارسىز ھالدىلا قوللىرىنى سىقىشىپ، گويا قارشى تەرەپ ئۆزلىرى ئۈچۈن بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ بەر-گەندەك، ئۆزلىرى بولسا ئۇنىڭغا مىننەتدارلىقىنى بىل-دۈرمەكچى بولغاندەك قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر مىنۇتمۇ كېيىنگە سۈرمەي، ئاخىرەتلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئالدىرىدى.

لىسابىر دوختۇر تەكلىپ قىلىشقا، شۇنىڭ بىلەن بىللىلا ئەڭ مۇھىم ئىشنى ئىمكانقەدەر تېزرەك بېجىرىشكە مەسئۇل بولدى. ئۇ شىلەپىسىنى ئېلىپ بىنادىن ئىتتىك چۇشتى، ئۇ بۇلاردىن ئايرىلىپ، كوچىغا چىقىپ ئەركىن نەپەس ئېلىشقا، ياخشىراق ئويلىنىپ بېقىشقا، ئۆز بەختىدىن يىگانە بەھرىمەن بولۇپ بېقىشقا ئالدىراۋاقتا ئىدى. ئىشلارنى بېجىرىپ بولۇپ، ئۇ دەرھال ئۆيىگە قايتمىدى، بەلكى دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان چوڭ كوچىغا باردى، ئۇ قىزىقچىلىقلارنى كۆرۈپ باقماقچى، مىغىلداپ كەتكەن كىشىلەر توپى ئارىسىدا بەختىنىڭ، كېچىلىك تۇرمۇشىنىڭ تەمىنى تېتىپ باقماقچى بولدى. ئۇنىڭ پىيادىلەر يولىدا ۋارقىراپ ـ جارقىرىغۇسى كەلدى: «مېنىڭ ھەر يىلى ئەللىك مىڭ فرانك كىرىمىم بار!» ئۇ ئىككى قولىنى چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ كېتىۋاتاتتى، ھە دېسىلا ماگىزىن دېرىزىلىرىنىڭ ئالدىدا توختاپ قىممەت باھالىق كىيىم ـ كېچەكلەرگە، ئۇنچە ـ مەرۋايىتلارغا، ئېسىل ـ كۆركەم ئائىلە سايمانلىرىغا قاراپ قوياتتى، قەلبى شادلىققا تولۇپ: «بۇ نەرسىلەرنى ھازىر مەن سېتىۋالالايمەن» دەپ ئويلايتتى.

ئۇ بىر ئاخىرەتلىك بۇيۇملار دۇكىنىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، توساتتىن كاللىسىغا بىر خىيال كەچتى:

«مۇبادا، ئۇ ئۆلمىگەن بولسىچۇ؟ مۇبادا، ئۇلار خاتا ھۆكۈم قىلغان بولسىچۇ؟» ئۇ چوڭ-چوڭ قەدەم تاشلاپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

ئۇ ئۆيىگە كىرىپلا:

— دوختۇر كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

كاسىرام:

— كەلدى، ئۇ ئۇنى ئۆلدى، دەپ بېكىتتى ھەمدە بىر ئىسپاتنامە يېزىپ بېرىشكە ماقۇل بولدى، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇلار ئۆلۈك ياتقان ئۆيگە كىردى. كورا يۆلەنچۈكلۈك بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئازراقمۇ كۆچەنمەي، مىشىلداپ يىغلاۋاتاتتى، ئۇ قىلچە ئازابلانمىغانىدى، بەلكى پەقەت كۆز يېشىلا ناھايىتى ئوڭاي ئېقىپ چىقماقتا ئىدى، خالاس.

ئۆيدە ئۇلار ئۈچىسىلا قالغاندا، كاسىرام پەس ئاۋازدا:

—ھازىر دېدەك قىز ئۇخلىغىلى چىقىپ كەتتى، بىز ئىشكاپقا بىرەر نەرسىنىڭ يوشۇرۇپ قويۇلغان- قويۇلمىغانلىقىغا قاراپ باقايلى—دېدى.

ئىككى ئەر دەرھال تارتمىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تۆكتى، بارلىق يانچۇقلارنى ئاختۇردى، ئۇششاق قەغەز پارچىلىرىنىمۇ ئېچىپ كۆرۈپ باقتى. ئۇلار تاكى تۈن نىسپىگىچە ئىزدەپمۇ ئازراقمۇ مۇناسىۋەتلىك نەرسىنى تا-پالمىدى. كورا ئۇخلاپ قالدى.

بىر سائەتتىن كېيىن بۇ ئۈچەيلەن سوغۇق جەسەتنىڭ ئالدىدا ئۇخلاپ قالدى، خورەك ئاۋازى ھېلى كۆتۈرۈلۈپ، ھېلى پەسىيەتتى. تاڭ ئېتىپ، ھېلىقى ۋىجىك دېدەك قىز كىرگەندىلا، ئۇلار ئاندىن ئويغاندى.

لېسسابىر بىر خىل مەنىستىمىگەن قىياپەتتە:

— سىزنىڭچە، بىز قايسى ۋاقىتتا گۇۋاھچىنىڭ يې-نىغا بېرىپ، ۋەسىيەتنامىنى كۆرۈپ باقساق بولار؟ — دەپ سورىدى.

— كورانى چاقىرىپ، بىرلىكتە بېرىڭ، چۈنكى، مە-راسخور يەنىلا شۇ — دە.

لېسسابىر ئالدىرىغىنىچە چىقىپ كەتتى.

كاسىرام بىلەن لېسسابىر ئەر — خوتۇن ئۇستىگە ھازى-لىق كىيىم كىيىپ، ئازابلىق روھىي قىياپەتتە يېتىپ كەلگەندە، بېللوم ئەپەندىنىڭ گۇۋاھلىق ئىشلىرى ئورنى ئىشىكىنى ئەمدىلا ئاچقانىدى. جامائەت گۇۋاھلىقى خادىمى تارتمىسىنى ئېچىپ، بىر كونۋېرتنى ئېلىپ يىرتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئالدى — دە:

— ئەپەندىم، بۇ ۋەسىيەتنامىنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسى، ھازىر ئۇنىڭ مەزمۇنىنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەي. يەنە بىر نۇسخىسى مۇشۇ نۇسخا بىلەن تامامەن ئوخشاش، ئۇنى مەن ساقلىشىم لازىم، — دېدى.

ئارقىدىنلا ئۇ ۋەسىيەتنامىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

*«ۋەسىيەتنامە قالدۇرغۇچى ۋىكتورىنا چارلوتتى كاسىرام،*

بۈگۈن مۇنداق ۋەسىيەتنامە قالدۇردى:

مەن تەخمىنەن بىر مىليون ئىككى يۈز مىڭ فرانك قىممىتىدىكى مال - مۈلۈكنىڭ ھەممىسىنى جىيەن قىزىم سالىستى كورالى كاسىرام توي قىلغاندىن كېيىن تۇغقان پەرزەنتىگە قالدۇرىمەن. جىيەن قىزىمنىڭ ئوغلى ياكى قىزى بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى بۇ مال - مۈلۈكتىن بەھرىلىنىش - مەنپەئەتلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە.

مۇبادا، مەن ئۆلۈپ كەتسەم، جىيەن قىزىمنىڭ يەنىلا ئەۋلادى بولمىسا، مېنىڭ بارلىق مال - مۈلكۈمنى يەنىلا گۇۋاھچى ساقلاپ بېرىدۇ، مۇددەت چېكى ئۈچ يىل. مۇشۇ مۇددەت چېكى ئىچىدە، مۇبادا، ئۇ تۇغسا، مەن يازغان بۇ ۋەسىيەتنامە يەنىلا كۈچكە ئىگە.

مۇبادا، مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنكى ئۈچ يىل ئىچىدە، تەگرىم كورالىغا يەنىلا پەرزەنت ئىلتىپات قىلمىسا، مېنىڭ بارلىق مال - مۈلكۈمنى گۇۋاھچى ئۆز قولى بىلەن تۆۋەندىكى تىزىملىكتە ئىسمى يېزىلغان نامرات - جاپا - كەشلەرگە ۋە خەير - ساخاۋەت ئورگانلىرىغا تەقسىملەپ بېرىدۇ.»

بىللوم ئەپەندى ناھايىتى ئەدەپ - قائىدە بىلەن بۇ قەغەزنى ھاڭۋېقىپ قېتىپ قالغان كاسىرامنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ئۆلگۈچىنىڭ ئۈچ تۇغقىنى قاتارلىشىپ ئۆيگە راۋان بولدى، ئۇلار بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمىدى ۋە

گويا بىرىنىڭ نەرسىسىنى يەنە بىرى ئوغرىلىۋالغاندەك، ھەم خىجىل، ھەم خاپا ئىدى.

ئۇلار ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە، بىر توپ ئادەم ئۇ-لارنى ساقلاپ تۇراتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلگەن ئا-دەمگە تايىنىپ قورساق باقىدىغانلار ئىدى. بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن كاسىرام كۆيئوغلىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى:

— بىز مەسلىھەتلىشىپ باقايلى. مېنىڭچە، قانداقلا بولمىسۇن، مېيىتنى ياخشى ئۇزىتايلى، مىنىستىرلىق-تىكىلەر گۇمانلىنىپ قالمىسۇن. خىراجەتكە كەلسەك، ئىككىمىز بىرەر چارە تاپايلى. ھالبۇكى، ئەھۋال تېخى ئۇ-مىدسىزلىنىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتمىدى. سىز توي قىلغىلى ئۇزۇن بولمىدى، پەرزەنتىڭىز بولماسلىقى مۇم-كىن ئەمەس. بىز ئالدى بىلەن كۆز ئالدىمىزدىكى ئىش-لارنى بىر تەرەپ قىلىۋېتەيلى. بىردەمدىن كېيىن، سىز مىنىستىرلىققا بىر بېرىپ كەلسىڭىز بولارمىكىن؟ مەن ھازىر مۇسىبەتنامە ئۈستىگە ئىسىم-فامىلە ۋە ئادرېسنى يېزىۋېتەي، — دېدى.

لېساببىر دېگىنىز ئارمىيە مىنىستىرلىقىغا كەتتى. كا-سىرام بالكوندا بىر ئورۇندۇقتا يېتىپ، غاڭزىدا تاماكا چەكمەكتە ئىدى. ئۇ بۇ قېتىمقى كۈتۈلمىگەن بەختسىز-لىكنىڭ ئۆزىگە ئازاب ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى، ئۇنىڭ پۈتكۈل تېنى بىئارام بولماقتا ئىدى. بۇرۇنقى ئارزۇلىرى بەكمۇ زور، كۈتكەن ۋاقتى بەكمۇ ئۇزۇن

بولغاچقا، بۇ بەختسىزلىكمۇ ئالاھىدە ئېغىر، ئالاھىدە ئېچىنىشلىق بولدى. كەينىدىكى ئۆيدىن دەپنە ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى، يەنە تاق - تۇق، تاق - تۇق قىلىپ ئۆلۈك ساندۇقىنى مىخلاۋاتقان ئاۋاز ئاڭلاندى. گۇۋاھچىنىڭ يېنىدىن قايتىپ كېلىپ، ئۇ ھەددىسىنى كۆرگىلى قايتا كىرمىدى. بىراق، ئۇ «ئەھۋال تېخى تامامەن ئۈمىدسىزلەنگۈدەك دەرىجىگە بېرىپ يەتكىنى يوق» دەپ ئويلايتتى. نېمىشقا ئۇنىڭ قىزى بالا تۇغمايدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ كۈيئوغلى گەرچە پاكىنەك بولسىمۇ، لېكىن قارىماققا زېھنىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان، ئىنتايىن مىختا، ئىنتايىن ساغلام كۆرۈنەتتى. ئۇلار چوقۇم پەرزەنتلىك بولىدۇ! يەنە كېلىپ، ئۇلار پەرزەنتلىك بولماي مۇمكىن ئەمەس!

لېسابىر ئوغرىلىقچە دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىقىغا بېرىپ، ئۆز ئىشخانىسىغا كىردى. ئۇ ئۈستەل ئۈستىدە بىر ۋاراق قەغەزنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى، ئۇنىڭغا: «بۆلۈم باشلىقى سىزنى ئىزدەيدىكەن» دەپ يېزىلغانىدى. ئۇنىڭ ئىختىيارسىز ئاچچىقى كەلدى - دە، بىتاقەت بولۇپ قوللىرىنى سىلكىدى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭدا تۇيۇقسىز بىر خىل يۇقىرىغا يامىشىش ئارزۇسى تۇغۇلدى. ئۇمۇ ناھايىتى تېزلا بۆلۈم باشلىقى بولالىشى مۇمكىن ئىدى، تېخىمۇ ئېگىزگە يامىشىشىغىمۇ بىر نەرسە دېگىلى بولمايتتى!

ئۇ سىرتقا چىققاندا كىيىدىغان مۇراسىم كىيىمىنىمۇ سالماستىن، دەرھال تورسىبوپ ئەپەندى بىلەن كۆرۈشكىلى باردى. ئۇ ھەرقانداق ئادەم بەختسىزلىك سورۇنلىرىدا نامايان قىلىدىغان قايغۇلۇق چىرايىدا بۆلۈم باشلىقىدىن رۇخسەت سورىدى ھەمدە بۆلۈم باشلىقىنىمۇ ماتەم مۇراسىمىغا قاتنىشىپ بىرىشكە تەكلىپ قىلدى، يەنە ئۆزىنىڭ خىزمەتتە مەسئۇلىيەتچان بولىدىغانلىقىنى، ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، ئاندىن كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

خەۋەر تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ھەرقايسى بۆلۈم، ئىشخانىلاردىن ئادەملەر كېلىپ، ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈردى. ئۇلارنى تەزىيە بىلدۈردى دېگەندىن كۆرە، ئۇنى تەبرىكلەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى، دېگەن تۈزۈك ئىدى. كۆپچىلىك لىبسابىر ئەمدى مىنىستىرلىقتا داۋاملىق تۇرۇۋەرمەيدۇ، دەپ قاراشتى. ھەر يىلى ئاتمىش مىڭ فرانك كىرىمى بولسا، ھېچكىم ئۇششاق-چۈششەك خىزمەتچى بولۇپ، كۆچۈرۈپ-يېزىپ يۈرمەيدۇ-دە. ئۇ ھازىر قەدىر-قىممىتى بار ئادەم بولۇپ قالغانىدى، بۆلۈم باشلىقى ئۇنىڭ ئىستېپا سوراش ئىلتىماسىنى باشقارما باشلىقىغا يوللاپ بېرىشكە تەييارلىنىپ تۇراتتى.

پۈتكۈل مىنىستىرلىقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى مېيىت ئۇزىتىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. ئۇلار ماتەم ئىشلىرى قول

ئۇچىدىلا ئىشلىنىپتۇ، دەپ قارىدى. بىراق: «كاسىرام خېنىم مۇشۇنداق قىلىشنى ئۆزى تەشەببۇس قىلىپ، ئېنىق ۋەسىيەتنامە قالدۇرغان ئىكەن» دېگەندەك گەپ ـ سۆزلەرمۇ ئېقىپ يۈرەتتى.

ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ ئىككىنچى كۈنى كاسىرام خىزمەتكە باردى. لېيسابىر ئەپەندى بىر ھەپتە ئاغرىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇمۇ ئىشقا كەلدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى سارغايغان، لېكىن يەنىلا بۇرۇنقىدەك تىرىشچان ئىدى. باشقىلار ئۇلارنىڭ غەرەزلىك ھەشەمەتچىلىك قىلىپ، ناھايىتى يوغان سىگارت چېكىمۇاتقانلىقىغا، ياندۇقىغا نۇرغۇنلىغان پاي چېكى سېلىۋالغان كىشىلەردەك، ئۆسۈم، تۆمۈر يول ئاكسىيىسى ھەققىدە پاراڭ سېلىشقانلىقىغا دىققەت قىلماقتا ئىدى. ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، باشقىلار يەنە ئۇلارنىڭ پارىژغا يېقىن ئەتراپتا بىر داچىنى ئىجارىگە ئالغانلىقىنى، ئۇ يەردە يازنى ئۆتكۈزمەكچى بولغانلىقىنى ئۇقۇشتى. كۆپچىلىك: «ئۇلار ھېلىقى مومايدەك پىخسىق. بۇ ــ ئۇلارنىڭ ئائىلە ئىستىلى. بىراق، بۇنچىۋالا مال ـ مۈلكى تۇرۇقلۇق، يەنە مىنىستىرلىقتا ئىشلەش، تازىمۇ قاملاشمىغان ئىشتە» دەپ ئويلاشتى.

## 4

لىبسابىر چارلوتتىڭ خىنىمىنىڭ تاۋۇتى كەينىدىن ئەگىشىپ كېتىۋېتىپ، كاللىسىدا يەنىلا شۇ بىر مىلىيون فرانكنى ئويلايتتى. ئۇ ئۆز ئاچچىقىنى قورسىقىدا ساقلاشقا مەجبۇر بولاتتى. ئۇ ئۆزىدىن تەكرار ـ تەكرار: «مەن توي قىلغىلى ئىككى يىل بولدى، نېمىشقا تېخىچە پەرزەنت كۆرمەيمەن ـ ھە؟» دەپ ئويلايتتى. ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ بەلكىم مەڭگۈ پەرزەنتلىك بولالماسلىقى مۇمكىنلىكىنى ئويلىغىنىدا، قورققىنىدىن يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتەتتى.

ئۈمىدسىزلىك ئېلىپ كەلگەن زەربە بەكمۇ زور ئىدى، ھەتتا ئۇ لىبسابىرنىڭ سالامەتلىكىگە تەسىر يەتكۈزمەكتە ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ پارىژ شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارغا بېرىپ، بۇ تومۇز ئىسسىق پەسلىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزمەكچى بولدى. ئۇلار بىسون كەنتىدە بىر كىچىك ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ، ئۇچەيلەن شۇ يەرگە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇردى. ئىككى ئەر ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۆيدىن چىقىپ، تۈزلەڭلىكنى كېسىپ ئۆتۈپ، كولۇمبوس ئىستانسىسىدا پويىزغا ئولتۇرۇپ ئىشقا باراتتى.

لىبسابىرنىڭ تېنى پەيدىنپەي ياخشىلاندى. ئۇ تو-ساتتىن، ئۇزاقتىن بۇيان زېھنىي كۈچىنىڭ ھازىرقىدەك تولۇپ ـ تاشمىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئۇلار ئۇنىنچى ئاينىڭ باشلىرىدا پارىژغا قايتىپ كەلدى. بىراق، ئۇلارنىڭ تېخىچىلا بالىسى يوق ئىدى.

ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى قىيىنلىشىپ كەتتى. ھازىر، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن قۇلاققا خۇشياقمايدىغان گەپلەر چىقىدىغان بولۇپ قالدى. كاسىرامۇ ھەقىقىي ئىشىنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك بولدى، شۇڭلاشقا قېرى ئەسكەرلەرگە خاس زەھەرخەندە، قوپال مەسخىرىلەر بىلەن ئۇلارنى قىيناشقا باشلىدى. مىراسقا ئېرىشىش نىيىتىنىڭ ئىشقا ئاشماسلىقى ئۇلارنى ئۇزلۇكسىز ئازابلىماقتا، ئۇلارنىڭ كاللىسىنى چىرمىۋالماقتا، ئۇلار ئوتتۇرىسىغا ئاداۋەت ـ ئۆچمەنلىك ئۇرۇقلىرىنى چاچماقتا ئىدى. كورا ئېرىگە يۈز خاتىرە قىلمايدىغان، ئوچۇق چىراي ئاچمايدىغان بولۇۋالدى. كاسىرام بولسا، ھەر ۋاخلىق تاماقتا بىرلا خىلدىكى گەپلەرنى تەكرارلاپ، كۈيئوغلىنى مەسخىرە قىلىدىغان بولدى.

لېساير گويا تەربىيە كۆرگەن ئوقۇمۇشلۇق بىر كىشى قارا قورساق، غەرەز ئۇقمايدىغان بىر ئادەمنىڭ ئۆيىگە كىلىپ قالغاندەك، بىر ئېغىزمۇ گەپ تالاشمايتتى. مىنىستىرلىقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كەيپىياتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشتى...
بۆلۈم باشلىقىمۇ بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۇنىڭدىن:

— ئاغرىپ قالمىغانسىز؟ سىزنى ئۆزگىرىپ قالغاندەك

ھېس قىلىۋاتىمەن، — دەپ سورىدى.

ئۇ جاۋاب بېرىپ:

— سۆيۈملۈك بۆلۈم باشلىقى، ئېھتىمال، ھېرىپ قالغانسىمەن. مەن يېقىندا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدىم، بۇنى سىزمۇ كۆرگەنسىز، — دېدى.

ئۇ يىل ئاخىرىدا ئۆز دەرىجىسىنىڭ ئۆستۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، مۇشۇ ئۈمىد بولغاچقىلا، ئۇ ئۆزىنىڭ نەمۇنىلىك ھۆكۈمەت خادىمىگە خاس تىرىشچان تۇرمۇشىنى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرەلىدى. كىم بىلسۇن، ئۇ ناھايىتى ئاز مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ئۇنىڭ مۇكاپاتى ھەممىدىن ئاز ئىدى. ئۇنىڭ قېيىناتىسى كاسىرام بىر تىيىنغىمۇ ئېرىشەلمىدى. لېسسابىر بۇ زەربىگە ئۇچراپ، يەنە بۆلۈم باشلىقىنىڭ يېنىغا چاپتى.

تورسىبوپ ئەپەندىنىڭ چىرايىدا خاپىلىق ئالامەتلىرى ئىپادىلەندى، ئۇ:

— لېسسابىر ئەپەندى، مەن سىزگە يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي، سىزنىڭ ھازىرقى بايلىقىڭىزنى ئىشداشلىرىڭىزنىڭ نامراتلىقى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مېنىڭچە، سىزنىڭ بۇنداق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇشىڭىزنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.....، — دېدى.

لېسسابىر ئىمدى تاقەت قىلالماي قالدى:

— بىراق، ئەپەندىم، مېنىڭ ھېچنېمەم يوق! ئايالىمنىڭ ھاممىسى ئۆزىنىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى مېنىڭ

تۆنجى پەرزەنتىمگە قالدۇردى. قېيناتام بىلەن مەن يەنىلا مائاشقا تايىنىپ كۈن كەچۈرۈۋاتىمىز.

بۆلۈم باشلىقى چۆچۈپ كېتىپ، جاۋاب بەردى:

— سىزنى بۈگۈن ھېچنېمىسى يوق دەپ تۇرساقمۇ، ئۇزاق ئۆتمەي، سىز يەنىلا پۇلغا ئىگە بولىسىز. شۇڭ-لاشقا ئەھۋال يەنىلا ئوخشاش.

لېسسابىر يېنىپ چىقتى، دەرىجىسى ئۆسمىدى، بۇ ئۇنى بىر مىليون فرانكقا ئېرىشەلمىگەندىنمۇ بەكرەك ئازابلىدى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتتى، كاسىرام ئەمدىلا ئىشخانى-سىغا كىرىپ تۇرۇشىغا، ئاق پىشماق مازى ھىجايغىنىچە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن پىتولېر كىردى، ئۇ-نىڭ كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى. كاسىرام بىر تەرەپتىن ھۆججەتلەرنى تىزىملىسا، بىر تەرەپتىن ھەر-قاچانقى ئادىتى بويىچە يۇقىرى ئاۋازدا كوتۇلداۋاتاتتى.

لېسسابىر كىرىپ كەلدى. ئۇ ھازىر ھەر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن كېلىپ، ئۆزىگە ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى ئېلىپ كېتەتتى، ئۇنىڭ قېيناتىسى ئەمدى ئاۋارە بولۇپ، مۇلازىمەتچىدىن ئەۋەتىپ بەرمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ شىرە ئۈستىدىكى ھۆججەتلەرنى ۋاراقلاشقا باشلىدى، مازى قوللىرىنى بىر ـ بىرىگە سۈركەپ، ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. پىتولېر تاماكا ئوراۋاتاتتى، لەۋلىرىنىڭ ئەتراپىدا خۇشاللىق قورۇقلىرى پەيدا بولدى، ئۇ كۆڭلىدىكى شاد ـ

لىقىنى باسالمايۋاتاتتى. ئۇ ئىشخانىدا ئۇياققا، بۇياققا ماڭغىنىچە پىخىلداپ كۈلەتتى. ئۇ كوچىدىكى ئۇششاق تىجارەتچىلەرنى دوراپ ۋارقىرىدى:

— بالا تېپىشنىڭ مەخپىي سىرى، ئون سانتىم ئىككى سو! تېز كېلىپ بالا تېپىشنىڭ مەخپىي سىرىنى سېتىۋېلىڭلار، مەزمۇنى مول ھەم رەڭدار!

لېسسابىرنىڭ چىرايى قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتتى. مازى بۇ خىل چاقچاق قىلىش شەكلىنى بەكمۇ پەسكەشلىك دەپ قارايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ ئۆزىنىڭ باي بولۇش ئۈمىدىنى تارتىۋالغان لېسسابىرغا يەنە كۆڭلىدە ئۆچلۈك قىلاتتى، شۇڭا تۇزلا قىلىپ، شۇ يەردىلا لېسسابىردىن:

— بۇ قانداق ئىش ـ ھە، لېسسابىر، يۈزىڭىز ئەجەبمۇ ئاقىرىپ كېتىپتىغۇ؟! — دەپ سورىدى.

لېسسابىر بېشىنى كۆتۈرۈپ، بۇ ئىشدىشىغا تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترىمەكتە ئىدى، ئۇ ئۆتكۈر كىنايە گەپتىن بىرنەچچە ئېغىز قىلماقچىمۇ بولدى، لېكىن ئويلاپ تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جاۋاب بېرىپ:

— ھېچقىسى يوق، بىراق، ئەقىللىق ئىكەنلىكىڭىزنى كۆز ـ كۆز قىلىۋاتقىنىڭىزنى كۆرۈپ، ھەقىقەتەن چۆچۈپ كەتتىم، — دېدى.

مازى مەشتىكى ئوتقا دۈمبىسىنى قىلىپ ئۆرە تۇراتتى،

ئۇ ئىككى قولى بىلەن مۇراسىم كىيىمىنىڭ پېشىنى قايرىپ، كۈلگىنىچە:

— سۆيۈملۈك دوستۇم، قولىڭىزدىن كەلگىنى شۇ، خالاس. بىزمۇ سىزگە ئوخشاش، ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىنىمىز يوق.....— دېدى.

توساتتىن كۈلكە پارتلاپ، ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى.

لېيسابىر دۇدۇقلىغىنىچە:

— چۈشەنمىدىم، مەن قايسى ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماپتىمەن؟ — دېدى.

مازى چاپىنىنىڭ پېشىنى قويۇۋېتىپ، ئىللىق چىراي ئېچىپ:

— بىلىمەن، سىز ئادەتتە نېمىلا ئىش قىلسىڭىز، شۇنىڭدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ كەلگەن، ئۇنى ناھايىتى چۈشىنىمىز، سىزنىڭ بالىڭىز يوق، چوقۇم بالا تېپىشنى خالىمىغان ئوخشايسىز —دېدى.

لېيسابىر غەزەپ بىلەن:

— بۇنىڭ سىز بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟—دەپ سورىدى.

مازى تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەيدىغان مۇنداق گەپنى ئاڭلاپ:

— ھەي، بۇ سىزنىڭ نېمە دېگىنىڭىز؟ ئەدەپلىكرەك بولۇڭ، بولمايدىكەن، مەن سىز بىلەن ھېسابلىشىمەن!—

دەپ توۋلىدى.

لېسسابىر غەزەپتىن تىترەپ كەتتى:

— مازى ئەپەندىم، مەن سىزگە ئوخشمايمەن، مەن باشقىلارنىڭ چاپىنىدا تەرلىنىدىغانلاردىن ئەمەس، ھەددىدىن زىيادە مەنمەنچى قۇرۇق سۆلەت بەگزادىلەردىنمۇ ئەمەس. بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا يەنە گەپ قىلغۇچى بولماڭ. مېنىڭ سىزدەك ۋە سىزگە ئوخشاش كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلغۇم يوق، — دېدى.

مازىنىڭ ئابرۇيپەرەسلىكى قاتتىق بەرھەم يېدى، ئۇ قارشى تەرەپكە قاتتىق قايتۇرما زەربە بېرىشنى ئويلاپ، كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا نەسىھەت تەلەپپۇزىدا:

— سۆيۈملۈك لېسسابىر، بەك ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتىڭىز. مەن سىزنىڭ باش قېتىمچىلىقىڭىزنى چۈشىنىمەن، قارالڭ، سىز خالىسىڭىز، مەن سىزگە ياردەم بېرەي، دوستلۇقىمىزنىڭ ھەققىدە، بىر تىيىنمۇ ئالمايمەن، — دېدى.

ئۇنىڭ گېپى تېخى تۈگىمىگەنىدى، لېسسابىر سىياھ قۇتىسىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى. سىياھ ئۇنىڭ يۈزىنى بويىۋەتكەچكە، ئۇ بىردىنلا قارا ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇ كۆزىنىڭ ئېقىنى ھەرىكەتلەندۈرگىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلدى، مۇش كۆتۈرۈپ ئۇنى ئۇرماقچى بولدى. بىراق، كاسىرام كۈيئوغلىنى توسىۋالدى ـ دە،

دارازا مازىنى قوچاقلاپ، بىر چەتكە ئىتتىرىپ ئاپىرىپ قويدى. مازى بىرلا كۆچىنىپ بوشىنىپ، ئىشىكنى ئاچتى ۋە ئۇ ئىككىسىگە قاراپ:

— ئوغۇل بالا بولساڭلار، قاراپ تۇرۇڭلار، كېيىن كۆرىسىلەر! — دېدى ـ دە، ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

مازى ئىشخانىسىغا قايتىپ چىققاندىن كېيىن، لېسسابىرنىڭ ناماقۇل بولۇشى ياكى دۈتېلغا چىقىشى ھەققىدىكى ئۇلتىماتۇمنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئىككى كىشىگە ھاۋالە قىلدى.

لېسسابىر نېمە قىلارىنى بىلمەيلا قالدى. ئۇ مىجەزى ياۋاش ئادەم بولغاچقا، ئەزەلدىن ئۆز يۈرىكىنى بۇنداق قورقۇنچلۇق ئىشلارغا تاقابىل تۇرالايدىغان قىلىپ چېنىقتۇرمىغانىدى. ئۇ تۇراي دېسىمۇ، يۈرىكى سىيلىپ، پۇتلىرى پۈكۈلۈپ، ئورۇندۇققا يەنە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ غەزىپى ۋە جاسارىتى بىراقلا يوقاپ كەتتى. لېكىن بۇ ۋەقەنىڭ بارلىق ئىشخانىلاردا قانداق پىتنە ـ پاساتلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا، يوقىتىپ قويغان غۇرۇرى يەنە قوزغىلىشقا باشلىدى. ئۇ قانداق قارار قىلىشنى بىلەلمەي، بۆلۈم باشلىقىنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭدىن ئەقىل سورىدى. ئەڭ ئاخىردا مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق مازىغا ناماقۇل بولۇش قارار قىلىندى.

مازى قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىگە يول قويىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغان بولسىمۇ، ناۋادا، دۇئېلغا چۈشمەي بولمايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىشنى ئويلىغىنىدا، ئۇمۇ ئۆلگۈدەك جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇ لېبسابىرنىڭ ئۆزىگە ئەۋەتكەن خېتىنى كۆرۈپ، ناھايىتى خۇشال بولۇپ:

— مىنىڭچە، بۇمۇ چىرايلىق ئىش بوپتۇ. مەن قول قويۇشقا رازى، — دېدى.

مىنىستىرلىقتا ئەزەلدىن بۇنداق پاتىپاراقچىلىق بولۇپ باققان ئەمەس ئىدى. خىزمەتچىلەر غۇژمەكلىشىپ، ھېلى بۇ ئىشكتىن ئۇ ئىشككە بېرىپ ياكى كارىدوردا توپلىشىپ خەۋەرنى تىڭ- تىڭلايتتى. ئىشنىڭ ھەل بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۈمىدسىزلىك ھېس قىلدى. بەزىلەر:

— لېبسابىرنىڭ بالىسى تېخى دۇنياغا كەلگىنى يوق، — دېدى. بۇ گەپ تارقىلىپ كەتتى، ھەتتا بەزى بۆلۈم ئەزالىرى بۇ گەپنى يەنە ناخشا قىلىپ توقۇۋالدى.

لېبسابىر بىلەن كاسىرام ئۆيىگە بىللە قايتتى، يول ئۈستىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ- سۆز بولۇنمىدى، ئۇلارنىڭ يۈرىكى غەزەپ بىلەن تولغانىدى، گويا ھېلى يۈز بەرگەن ئىشنى تامامەن قارشى تەرەپنىڭ خاتالىقى كەلتۈرۈپ چىقارغاندەك. لېبسابىر ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن ھامان، شىلەپىسىنى بەش تارتمىلىق شىرەنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ،

خوتۇنغا قاراپ ۋايساشقا باشلىدى:

— مەن چىدىيالمىدىم، ھازىر سەن ئۈچۈن، باشقىلار بىلەن دۇئېلغا چۈشكىلىۋاتىمەن!

— دۇئېلغا؟ نېمە ئۈچۈن؟

— چۈنكى، مازى سېنىڭ تۇغماسلىقىڭنى دەپ، مېنى ھاقارەتلىدى.

كورا بىردىن چۆچۈگەندەك بولدى- دە، ئارقىدىن ئەسەبىيلەشكەندەك غەزەپكە كەلدى، ئۇ بىراقلا چېچىلدى:

— مەن! مەن تۇغماسمىشمەن؟ ئۇ ئەبلەخ قانداق بىلىدىكەن؟ سېنىڭ بىلەن ئۆتۈپ بالا تۇغمىدىم، چۈنكى سېنى ھەرگىز ئەر دېگىلى بولمايدۇ! بىراق، مەن كىمگىلا تېگەي، ساڭا دەپ قوياي، ئاللىقاچان بىر توپ ئوغۇل- قىزىم بولغان بولاتتى. ھىم! بۇلارنى نېمىشقا دېمەيسەن- ھە! سېنىڭدەك يارىماسقا تەگكەندىكىن، مۇشۇنداق نەس باسىدىغان گەپتە!....

سەن ئۇ ھايۋانغا نېمە دەپ جاۋاب بەردىڭ؟

ئۇنىڭ چېچىلىشى لېيسابىرنى قورقۇتۇۋەتتى، ئۇ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:

— مەن.... ئۇنى ئۇردۇم، — دېدى.

ئۇ چۆچۈپ ئېرىگە قاراپ:

— ئۇ نېمە قىلدى؟ — دېدى.

— ئۇ ئىككى گۇۋاھچىنى ئەۋەتىپ، مېنى دۇئېلغا چاقىرىپتۇ!

گويا ئاياللار كومپىدىيىلىك كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگەن هامان دەرهال ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ قالغاندەك، ئۇنىڭدا هاياتىغا تەۋەككۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلغان بۇ كىشىگە نىسبەتەن توساتتىن هۆرمەت پەيدا بولدى. غەزىپىمۇ بىراقلا پەسىيىپ قالدى:

—سىلەر قاچان دۇئىلغا چۈشىسىلەر؟

—بىز دۇئىلغا چۈشمەيدىغان بولدۇق، مازى ماڭا ناماقۇل بولدى،—دېدى ئېرى بىمالال جاۋاب بېرىپ.

خوتۇنى كەمسىتىش نەزەرى بىلەن ئۇنىڭ كۆزىگە قادىلىپ تۇرۇپ:

—هىم! خەق يۈزۈڭچە تۇرۇپ مېنى هاقارەت قىلسا، سەن يەنىلا ئۇنىڭ قالايمىقان سۆزلىشىگە يول قويۇپ-سەن، ئۇنىڭ بىلەن دۇئىلغا چۈشەلمەيسەن! سەن سېپى ئۆزىدىن قورقۇنچاقكەنسەن!—دېدى.

ئۇنىڭ ئاچچىقى يەنە كەلدى:

—ئاغزىڭنى يۇم، ئۆز شان-شەرىپىمگە مۇناسىۋەت-لىك ئىشلارنى مەن سېنىڭدىن كۆپرەك بىلىمەن.

كورا سوغۇق كۈلۈپ:

—پاھ! ئەر كىشى دېگەننىڭ يۈرىكى نەقەدەر كى-چىك-ھە! مۇبادا، سىلەر ئەرلەرنىڭ ئورنىدا بىز ئاياللار بولىدىغان بولساق.... بىراق، هاقارەتلەنگىنى—مەن، سې-نىڭ خوتۇنۇڭ، سەن مۇشۇنداقلا بولدى قىلىپسەن، سېنىڭ بالا تاپالماسلىقىڭمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسكەن،

مەسىلە دەل مۇشۇ يەردە. ھەي! مەن نېمىدېگەن ياخشى ئەرنى تاپقانمەن ـ ھە! — دېدى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۇنىڭ ئاۋازى ۋە پوزىتسىيىسى ئۆزگىرىپ كەتتى، يەنە كېلىپ كاسىرامنىڭكىگە تامامەن ئوخشاپ قالدى، ھېلىقى كونا ئەسكەرلەرنىڭكىدەك پەسكەش پوزىتسىيە ۋە تەلەپپۇزغا ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇ ئىككى قولى بىلەن بېلىنى تىرەپ، ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى، ئۇ بەستلىك، مىختا، كۈچلۈك، كۆكسى تولغان، يۈزلىرى ئالمىدەك قىپقىزىل، ئاۋازى تۆۋەن، لېكىن كۈچلۈك، يۇمىران ئىككى مەڭزى غەزەپتىن كۆكىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئالدىدا ئولتۇرغان ئەرگە قاراپ، ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى، دەسسەپ چەيلىۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى.

ئىشىك ئېچىلدى، كاسىرام ئۇرۇش ـ تالاش ئاۋازىنى ئاڭلاپ، كىرىپ سورىدى:

— نېمە ئىش؟

— مەن بۇ چۈپرەندىنى ئەدەپلەۋاتىمەن! — دېدى. كورا كەينىگە بۇرۇلۇپ.

لېسابىر بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆلارنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ يەتتى، خۇددى كۆز ئالدىدىكى بىر قەۋەت پەردە ئېچىۋېتىلگەنگە ئوخشاش، ئۇ تۇنجى قېتىم بۇ قانداش، چاكىنا، قوپال ئاتا ـ بالا ئىككىسىنىڭ ھەقىقىي قىيا-پىتىنى ئېنىق كۆردى.

كاسىرام:

— نىكاھتىن ئاجرىشىپ كېتەلىسەڭلار، ياخشى بولاتتى! — دېدى.

لېسسابىر «نىكاھتىن ئاجرىشىش» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، غەزىپىدىن تىترەپ كەتتى.

كورا بولسا توساتتىن كۆلۈۋەتتى. بۇ خىل كۈلكە لېسسابىرغا نىسبەتەن يەنە بىر قېتىملىق ھاقارەت ئىدى، ئۇ غەزەپتىن ساراڭ بولۇپ، قەھرى بىلەن ئېتىلدى، سول قولى بىلەن كورانىڭ گېلىنى سىقتى، ئوڭ قولى بىلەن ئۇنى چاڭگىلدىتىپ شاپىلاقلىغىلى تۇردى. كورا نەپەسمۇ ئالالماي، كەينىگە چېكىنىدى ۋە كارىۋاتقا تاقى-شىپ ئوڭدىسىغا يىقىلدى. توساتتىن لېسسابىر قامىتى-نى تۈزلىدى، ئۇ ھېرىپ - چارچاپ، ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قوپال ئىشىدىن خىجىللىق ھېس قىلماقتا ئىدى.

ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى، ھاياجانلانغانلىقىدىن قۇچاقلىرىنى كەڭ ئېچىپ، كورانىڭ ئۇستىگە يىقىلدى، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ يۈزلىرىگە سۆيسە، يەنە بىر تەرەپ-تىن ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ:

— بىچارە كورا، مېنى ئەپۇ قىلغىن، ھە، مېنى ئەپۇ قىلغىن، — دەيتتى. ئۇ كورانى چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ سۆيەتتى، ئۇنىڭ قۇلىقىغا تۆۋەن ئاۋازدا ئۆز خىيالىغا كەلگەنلىكى ئەڭ يېقىملىق سۆزلەرنى دەيتتى، بىراق،

كورا ئازراقمۇ ئىنكاس قايتۇرمايتتى.

## 5

بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۈزلۈكسىز بەربات بولۇپ، يەنە ئۈزلۈكسىز تۇغۇلۇۋاتقان ئۇمىد ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن يەنىلا ھېچقانداق نەتىجە چىقمايۋاتاتتى. گەرچە لېسسابىر ئەنە شۇنداق بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ خوتۇنى يەنە شۇنداق قىزغىن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۈتكىنى ئايمۇئاي بىكارغا كېتىۋاتاتتى. بۇ ئۇلارنى تېخىمۇ تىت-تىت قىلاتتى.

كورا ھەر كۈنى تاماققا ئولتۇرغاندا، ھەمىشە: «بۇگۈنكى قورۇما ناھايىتى ئاز بولۇپ قاپتۇ، پۇلىمىز بولغان بولسا، باشقىچە بولغان بولاتتى. بىراق، بۇمۇ مېنىڭ خاتالىقىم ئەمەس» دەيتتى.

لېسسابىر ئىشقا ماڭىدىغان چاغدا، كورا ياتىقىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ:

— كۈنلۈكۈڭنى ئېلىۋال، بولمىسا، قايتىپ كەلگىنىڭدە ئامىۋى پەيتۇندەك مەينەتلىشىپ كېتىدىكەنسەن. سەن يەنىلا نامرات خىزمەتچىلەرنىڭ تامىقىنى يەيسەن، لېكىن بۇ مېنىڭ خاتالىقىم ئەمەس، — دەيتتى.
ئۇ ئىشكتىن چىققاندا بولسا، مۇنۇ گەپنى قىلىشنى

ھەرگىز ئۇنتۇمايتتى:

— مۇبادا، باشقا ئەرگە تەگكەن بولسام، ئاللىقاچان ئۆز پەيتۇنىمىز بولغان بولاتتى.

ئۇ ھەر زامان، ھەر ماكاندا مۇشۇ ئىشنىلا ئويلايتتى، ھەمىشە ئېرىنى ئەيىبلەيتتى، ھاقارەت قىلاتتى، ئىشنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ زىممىسىگە ئارتىپ قوياتتى، ئۇ ئەسلىدە ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان پۇلنىڭ قولىدىن كېتىپ قېلىشىغا تامامەن ئېرىنى ئۆزى مەسئۇل بولۇشى لازىم، دەپ قارايتتى.

بىر كۈنى، لېساير ئەر - خوتۇن ئىككىسى يېقىن ئەتراپتىكى بىر دوختۇردىن تىلىك - تىگلاپ، چۈشتىن كېيىن دەل سائەت بىر بولغاندا، تېببىي پەنلەر دوكتورى لېفېۋيورنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى. مەخسۇس تۇغۇت - ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بۇ دوختۇر ئۇلار ئىككىسىنى بىر سائەتتىن ئارتۇقراق تەكشۈردى، ئەڭ ئاخىردا يەنىلا بىرەر سەۋەبنى ئېيتىپ بېرەلمىدى.

— مەن قانداقتۇر نورمالسىزلىق ياكى ئالاھىدە ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ تاپالمىدىم، — دېدى ئۇ، — بىراق، بۇنداق ئەھۋالمۇ دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئادەملەرنىڭ تېنى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بىز ناھايىتى كۆپ ئەر - خوتۇنلارنىڭ مىجەزى كېلىشەلمەسلىك تۈپەيلىدىن ئاجرىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ماسلىشالماسلىق تۈپەيلىدىن پەرزەنت

كۆرەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرساقمۇ، ئۇنىڭدىن ئەجەب-لەنمەيمىز. خېنىمنىڭ سالامەتلىكى ئالاھىدە ياخشى ئىكەن، پەرزەنت كۆرەلىگۈدەك. ئەپەندىمگە كەلسەك، تېنى ئاجىزراقكەن. بۇ، ئېھتىمال، ئۇنىڭ ئاتا بولۇشقا بەك تەقەززا بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن بولسا كېرەك.

لېسابىر جىددىيلەشكەنلىكىدىن يۈزلىرى تاتىرىپ كەتتى. ئۇ دوختۇرنىڭ بىر رېتسېپ يېزىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. دوختۇر ئۇنىڭغا كۈتۈنۈش ئۇسۇلى ھەق-قىدە ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان بىر رېتسېپ يېزىپ بەردى. ئۇنىڭ كەينىدىن دوختۇر ئۇلارغا ئۇنىڭ تېنى ياخشىلانغاندىن كېيىن، قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

بۇ قېتىمقى دىئاگنوز قويدۇرۇشقا 40 فرانك سەرپ قىلىندى.

كوچىغا چىققاندىن كېيىن كورا غەزەپتىن قورسى-قى كۆپۈپ:

— مېنىڭ تەلىيىم ھەقىقەتەن ياخشىكەن! — دېدى. لېسابىر دەككە ـ دۈككە بولۇپ، بىر تەرەپتىن ماڭغاچ، بىر تەرەپتىن دوختۇر ئېيتقان ھەر جۈملە گەپنى تەك-رار ـ تەكرار ئويلىماقتا ئىدى. ئۇ ھازىر قانداقتۇر مى-راس، پەرزەنت دېگەنلەرگە كۆڭۈل بۆلەلمەيتتى! ئۆزىنىڭ سالامەتلىكى ھەممىدىن مۇھىم ئىدى!

كاسىرام دىئاگنوزنىڭ نەتىجىسىنى ئاڭلىغاندىن

كېيىن، قەلبىدىكى غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى باسالماي قالدى. ئۇ كۆيئوغلىغا ياۋۇزلارچە تىكىلىپ، چاينىۋېتىپ پۈركۈۋەتكۈسى كەلدى.

لېيسابىر كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنى ئويلاۋاتقاچقا، بۇ گەپلەرنى ھەرگىز ئاڭلىمىدى، ئەلۋەتتە ئۇنىمۇ ئاڭلىيالمايتتى. ئۇ شىرەگە نۇرغۇن دورا قۇتىلىرىنى قويۇۋېلىپ، تاماق ۋاقتىدا دورىلىرىنى يەيتتى — يۇ، خوتۇنىنىڭ ئىچىدە زاڭلىق قىلىشلىرىغا، قېيناتىسىنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈشلىرىگە پەرۋا قىلمايتتى.

ئۇ ھەر ۋاقىت ئەينەككە قاراپ، قولىنى يۈرىكىگە قويۇپ، يۈرەك رىتىمىنى سانايتتى، ئۇ كوراغا يېقىنلىشىشنى خالىمايتتى، شۇڭلاشقا ئۆزى ھەرىكەتكە كېلىپ، كىيىم — كېچەك ئامبىرى قىلىنغان قاراڭغۇ ئۆيگە كارىۋات قويۇۋالدى.

يەنە بىرقانچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ئەڭ ئاخىرقى چەككە يەنە بىر يىللا قالدى.

كاسىرام تاماقخانىغا ناھايىتى چوڭ بىر ئاسما كالېندار ئېسىپ قويدى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۇنىڭدىكى بىر كۈننى سىزىۋېتەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ نائىلاجلىقىدىن خاپا بولاتتى. بۇ مال — مۈلۈكنىڭ بىر ھەپتىلەپ — بىر ھەپتىلەپ ئۆز قولىدىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ، ئۇ ناھايىتى ئۈمىدسىزلەندى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشخانىغا بېرىپ ئازابلىنىدىغانلىقىنى، كېيىنچە پېنسىيىگە

چىقسا، ئىككى مىڭ فرانك پېنسىيە پۇلىغىلا تايىنىپ جان باقىدىغانلىقىنى ئويلىسا، قەلبىدىكى غەزەپ ئوتىنى تېخىمۇ باسالماي قالاتتى. شۇڭلاشقا گەپلىرىمۇ سەتلە-شىپ كەتتى. ئۇ لېبسابىرنى كورسىلا، ئۇرغۇسى، بوغ-قۇسى، تەپكۈسى كېلەتتى. ئۇ ئۇنىڭغا ئەسەبىيلەرچە ئۆچ بولۇپ كەتتى. ھەر قېتىم ئۇنىڭ ئىشىكنى ئىتتىرىپ كىرگىنىنى كۆرگىنىدە، ئۇ ھامان كىرگۈچىنى ئۆزد-نىڭ مۇقەددەس، دەخلى-تەرۇزسىز مال-مۈلكى-نى — ئۇنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق بىساتىنى ئوغرىلاپ كەت-كەن ئوغرىدەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

ئەمەلىيەتتە، لېبسابىر بىلەن ئۇنىڭ ئايالىمۇ ئىند-تايىن يىراقلىشىپ كەتتى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئەر-ئا-ياللىق مۇناسىۋەت يوق بولدى. لېبسابىر ئار-نومۇس ۋە قورقۇش تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا قايتا يېقىنلاشمىدى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ قېيناتىسى ئۇنىڭغا قاراپ ۋاي-ساشقا باشلىدى:

— ئاڭلاپ تۇر، سالامەتلىكىڭ ھازىر ياخشىلاندى، مۇبادا، سەن پوزىتسىيەڭنى يەنىلا ئۆزگەرتمىسەڭ، قى-زىمنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىنى مەن بىلمەن!

— كۈيئوغۇل بولغۇچى ئۆزىنىڭ يەنە ھاقارەتلىنىد-دىغانلىقىنى سەزدى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، سوئال نەزد-رىدە قېيناتىسىغا تىكىلدى. كاسىرام ئۇلاپلا:

— ئاناڭنى، ئۇ سېنى تاشلىۋېتىدۇ، باشقا بىرسىنى

تاپىدۇ! سىنىڭدەك بىر يارىماسقا تەگكەچكە، ئۇ نىمىلا ئىش قىلسا كەچۈرگىلى بولىدۇ، — دېدى.

غەزەپتىن لىسابىرنىڭ يۈزلىرى كۆكىرىپ كەتتى، ئۇ جاۋابەن:

— مەنمۇ ئۇنىڭ سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىزنى ئاڭلىشىنى توسىمىدىمغۇ، — دېدى.

كورا يەرگە قارىۋالدى. كاسىرامۇ گېپىنىڭ بەك چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ئانچە ـ مۇنچە سېزىپ، بىرئاز ئوڭايسىزلاندى.

## 6

مىنىستىرلىقتا ئۇ ئىككىسى قارىماققا ناھايىتى ئەپ ئۆتۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا يەنە ئىچىدە بىلىشىدىغان مۇنداق بىر خىل ئەھۋال مەۋجۇت ئىدى: ئۇ بولسىمۇ ئىشداشلىرىغا ئائىلىسىدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىلدۈرمەسلىكتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار بىرىنى «سۆيۈملۈك كاسىرام» دەپ چاقىرسا، يەنە بىرى — سۆيۈملۈك لىسابىر، — دەپ چاقىراتتى، ئۆزئارا چاقچاقلىشىپ، كۈلۈشۈپ، گويا بەختلىك، شاد ـ خۇرام ياشاۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋالاتتى.

لىسابىر بىلەن مارىچۇ؟ دۇئېل ئەمەلگە ئاشمىدى، ئىككى تەرەپنىڭ قورققىنىدىن جېنى چىقىپ كېتەيلا

دېدى، شۇڭلاشقا ئۇلار ئەدەپ ـ قائىدىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان، بىر ـ بىرىگە تېخىمۇ ئېھتىرام بىلدۈرىدىغان بولۇپ كەتتى، يەنە ئازارلىنىشىپ قېلىشتىن قانلىقتىن، ئۇلار يەنىلا ئوغرىلىقچە يېڭىۋاشتىن ياخشىلىشىپ قې-لىشنى ئويلايتتى. ئۇلار ئىككىسى يىراقتىنلا ئەستايىدىل-لىق بىلەن شىلەپىلىرىنى پۇلاڭلىتىشىپ، ئۆزئارا سالام-لىشاتتى، پوزىتسىيىسى قەتئىي ۋە ئەستايىدىل ئىدى. ھېچقايسىسى ئالدى بىلەن ئېغىز ئېچىشنى خالىمايتتى، ھېچكىم بالدۇر ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى، شۇڭلاشقا ئۇزاققىچە سۆزلىشىپ باقمىغانىدى.

بىر كۈنى كۈتمىگەندە، بۆلۈم باشلىقى لېسسابىرنى دەرھال كېلىشكە چاقىردى. ئۇ ناھايىتى تېز يۈگۈرۈپ كې-تىۋېتىپ، توساتتىن كارىدورنىڭ دوقمۇشىدا ئۇدۇلدىن كې-لىۋاتقان بىر خىزمەتچىگە قاتتىق سوقۇلۇپ كەتتى، بۇ ئەسلىدە مازى ئىدى. ھەر ئىككىسى كەينىگە بىرنەچچە قەدەم داجىپ كەتتى. لېسسابىر ئوڭايسىزلىنىپ، ئالدى-راپ ـ تېنەپ، تارتىنغىنىچە: «ئەپەندىم، بىرەر يېرىڭىزنى ئاغرىتىپ قويمىغاندىمەن؟» دەپ سورىدى.

قارشى تەرەپ جاۋاب بېرىپ: «ئازراقمۇ ئاغرىمىدى، ئەپەندىم» دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار ئۇچرىشىپلا قالسا، بىرنەچچە

ئىگىز سۆزلىشىشنى راۋا كۆرىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئەدەپلىك ئىكەنلىكىنى ئاۋۋال بىلدۈرمەكچى بولۇپ، ئۇچراشسىلا خۇش چىراي بىلەن سالام قىلىشىدىغان بولۇپ كەتتى. بۇنداق مۇناسىۋەت ناھايىتى تېزلا راۋاجلىنىپ مۇئەييەن دەرىجىدىكى يېقىنلىشىشقا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن راۋاجلىنىپ مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇلغان دوستلۇققا ئايلاندى. ئەڭ ئاخىرغا بارغاندا، رەسمىيەتچىلىك قىلىشىدىغان ھەمدە ئۆزلۈكسىز ھالدا قارشى تەرەپنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ زىيارەت قىلىشىدىغان بولدى، دوستلۇق شۇنداق قىلىپ ئورنىتىلدى. ھازىر ئۇلار خەۋەرچىنىڭ ئىشخانىسىغا كېلىپ خەۋەر تىڭ- تىڭلاۋاتقان ۋاقىتتا، ھەمىشە بىرلىكتە مۇڭدىشىدىغان بولۇپ قالدى. لېيسابىر ئۆزىنى ئىستىقباللىق دەپ قارايدىغان كۆرەڭلىكىنى تاشلىدى، مازى يۇقىرى تەبىقىدىكى ئەرباپلارغا خاس كىبىرىنى تاشلىدى، كاسىرامۇ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە پاراڭلىشاتتى، كۈلۈشەتتى، ئۇلارنىڭ دوستلىشىپ قالغانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال ئىدى.

خۇشاللىق ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، كاسىرام توساتتىن قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— مەن دېمەن، مازى ئەپەندى، دوستلىشىپ قالغان ئىكەنمىز، ئۇنداقتا يەكشەنبە كۈنى بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ تاماق يەپ كېتىڭ. مەن، كۈيئوغلۇم ۋە قىزىم ھەممىمىز خۇشال بولىمىز. قىزىم ئۇزاقتىن بۇيان سىزنىڭ

كاتتا نامىڭىزنى ئاڭلاپ كېلىۋاتىمىز، بىز ھەمىشە بۇ-لۇمىدىكى ئىشلار توغرىلىق سۆزلىشىمىز، كېلىشتۇق ئەمەسمە، ھە؟ — دېدى.

لېسسابرمۇ قېيناتىسىغا ياردەملىشىپ ئۇنى تەك-لىپ قىلدى، بىراق، ئۇنچىۋالا قىزغىن بولمىدى:

— كېلىڭ، بىز خۇش بولىمىز، — دەپلا قويدى.

مازى بىردەم ئىككىلىنىپ قالدى، ئۇ تارقىلىپ يۈرگەن تۈرلۈك پىتنە-ئىغۋالارنى ئويلاپ، ئۆزىنى تۇ-تۇۋالالماي كۈلۈمسىرىگىنىچە:

— ياخشى، ھۆرمەتلەش بۇيرۇقنا بويسۇنغانغا يەت-مەيدۇ! — دېدى.

كورانىڭ ئاتىسى ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا:

— سەن تېخىچە بىلمەيسەن، كېلەر يەكشەنبە مازى بىزنىڭكىگە كەلمەكچى بولدى، — دېدى.

كورا چۆچۈپ كەتتى، يۈزلىرى قىزغىنچە قىزى-رىپ كەتتى، بۇنىڭ نېمە ۋەجىدىن ئىكەنلىكىنىمۇ بىل-مەي قالدى. كاسىرام قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ يەنە:

— قاراپ تۇر، ئۇ كېلىشكەن يىگىت، ئىنتايىن چى-رايلىق، سېنىڭ ھېلىقى ئىرىڭگە ئازراقمۇ ئوخشىماي-دۇ! — دېدى. كورا ئىزا تارتقىنىدىن گەپمۇ قىلالماي قالدى.

ھېلىقى قېتىمدا لېسسابرنى تەكلىپ قىلغان چاغدىكىدەك، ئۇلار بۇ قېتىملىق كەچلىك تاماق تەييار-

لىقىغا قىزغىن كىرىشىپ كەتتى. كاسىرام قورۇما تىزىملىكىنى تەتقىق قىلىپ، چوقۇم كېلىشتۇرۇپ تەييارلىق قىلماقچى بولدى. ئۇنىڭ ئاشكارىلىمىغان تولىمۇ ئىشەنچلىك بىر مەخپىي تەدبىرى بار بولۇپ، ئىشىنىڭ چوقۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىۋالالايتتى، شۇڭا كۆڭلى تەسكىن تېپىپ، ئۆزىمۇ جانلىنىپ كەتتى.

يەكشەنبە كۈنى، ئۇ پۈتۈن كۈن خۇشال ھالدا تەييارلىق قىلدى.

سائەت يەتتە بولدى. مازى خۇشال ـ خۇرام كىرىپ كەلدى. ئۇ گويا ئۆز ئۆيىگە كىرگەندەك، بىر تەرەپتىن كورادىن ئەھۋال سورىسا، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا چوڭ بىر دەستە ئەتىرگۈل تەقدىم قىلدى. ئارقىدىنلا ئۇ يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەر ھەمىشە ئۆزئارا تەكەللۇپ قىلىشىدىغان ھېلىقىدەك قىزغىن تەلەپپۇزدا يەنە مۇنداق دەپ قوشۇپ قويدى:

ــ خېنىم، مەن سىزنى تونۇيدىغاندەك قىلىمەن، مەن سىزنى قىزچاق چېغىڭىزدىلا تونۇيتتىم، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئاتىڭىز دائىم مېنىڭ ئالدىمدا گېپىڭىزنى قىلىپ بېرەتتى.

كاسىرام گۈلنى كۆرۈپ:

ــ ئاپلا، سىزنى تازىمۇ ئاۋارە قىپتىمىز، ــ دېدى يۇقىرى ئاۋازدا.

ئۇنىڭ قىزى بولسا، لېسسابىرنىڭ تۇنجى قېتىم كەلگەن ۋاقتىدا گۈل ئەكەلمىگەنلىكىنى ئەسلىدى. بۇ

كېلىشكەن بۆلۈم ئەزاسى قارىماققا ناھايىتى خۇشال كۆرۈنەتتى، گويا تۇنجى قېتىم كونا دوستىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ مېھمان بولۇۋاتقاندەك، ئوچۇق چىراي بىلەن كۈلەتتى، كورانى لايىقىدا ماختاپ ئۇچۇراتتى، ماختاۋې-رىپ، كورانىڭ يۈزىنىمۇ قىزارتىۋەتتى. ئۇ كورانىڭ ئا-دەمنى ناھايىتى مەپتۇن قىلىدىغانلىقىنى سەزدى، كورا ئۇنىڭ ناھايىتىمۇ ئازدۇرۇش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ئۇ كەتكەندىن كېيىن، كاسىرام:

—— ھەي، يىگىت قىزىقمىكەن، ئۇ نەقەدەر ھوشيار — ھە؟ ئاڭلىشىمچە، ئۇ ھەممە قىزلارنى جەلپ قىلالار-مىش، —— دېدى.

كورا ئاتىسىدەك ھېسسىياتنى سىرتقا ئاشكارىلى-مىدى، بىراق، ئۇمۇ ئۇنىڭ چىقىشقاقلىقىنى، ئۆز تە-سەۋۋۇرىدىكىدەك سىپايىگەرلىك بىلەن ھەيۋە قىلىدىغان-لاردىن ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلدى.

لېبسابىرمۇ قارىماققا ئادەتتىكىدەك بەكمۇ ھارغىن ۋە مەيۈس كۆرۈنمەيتتى، ئۇ بۇرۇن مازىنى «خاتا مۆل-چەرلەپ» قويغانلىقىنى ئېيتتى.

مازى دەسلەپتە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ھەمىشە دېگۈدەك كېلى-ۋەرمىدى، لېكىن پەيدىنپەي كېلىشى كۆپەيدى. پۈتۈن ئا-ئىلىدىكىلەر ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇلارمۇ ئۇنى كېلىپ تۇرۇشقا دەۋەت قىلدى، ئۇنى ناھايىتى ئەتراپلىق كۈتتى. كورا ئۇنىڭغا ئۇ ياخشى كۆرىدىغان قورۇمىلارنى تەييارلاپ بەردى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇچ ئەر بىرقەدەممۇ ئايرىلمايدىغان دەرىجىگە

يەتتى. بۇ يىگى دوست گېزىتتخانىدىن ھەمىشە لوژا بېلىتى تېپىپ كېلىپ، ئۇلارنى پۈتۈن ئائىلە بويىچە ئويۇن كۆرۈشكە ئېلىپ باراتتى. كېچىسى ئۇلار قاتار ـ قاتار كەتكەن قايناق كوچىلاردىن ئۆتۈپ ئۆيىگە قايتىپ كېلەتتى، تاكى لېسسابىرنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغىچە مېڭىپ كېلەتتى، مازى بىلەن كورا ئالدىدا ماڭاتتى، ئۇلار تەپ-تەكشى قەدەم تاشلايتتى، ئوخشاش ھەرىكەت قىلاتتى، ئوخشاش رىتىمدا بەدەنلىرىنى تەۋرىتىپ ماڭاتتى، ئۇلار-نىڭ بىر ھالىتى گويا بۇ دۇنيادا مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ بىر ئۆمۈر ماڭىدىغان تۇغما بىر جۈپلەرگە ئوخشاپ قالغانىدى. بۇ ئىككىسى پۇرسەتنى ناھايىتى چىڭ تۇ-تۇپ، تولىمۇ پەس ئاۋازدا سۆزلىشەتتى، بىر تەرەپتىن سۆھبەتلەشسە، بىر تەرەپتىن ئوغرىلىقچە كۈلەتتى. بۇ ياش قىز تۇرۇپلا كەينىگە بۇرۇلۇپ ئاتىسى بىلەن ئېرىگە قاراپ قويايتتى. كاسىرام مېھرىبانلىق نۇقتىئىنەزىرى بىلەن ئۇلارغا قارايتتى، كۈيئوغلى بىلەن سۆزلىشىۋات-قىنى يادىدا يوقتەك، ھەردەم يۇقىرى ئاۋازدا:

— ئۇلارنىڭ قىياپىتى نىمىدېگەن ياخشى، ئۇلارنىڭ بىللە بولۇشى كىشىنى ھەقىقەتەن خۇشال قىلىدۇ، — دەيتتى.

لېسسابىرمۇ ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇپ: «ئۇلارنىڭ بوي ـ تۇرقى پەرقلەنمەيدىكەن» دەيتتى. ھەرقايسى جە-ھەتلەردىن ئالغاندا، ئۇ ئۆزىنى بۇرۇنقىدىن كۆپ ياخشى دەپ

ھېس قىلاتتى، شۇڭا كۆڭلى خۇش بولۇۋېدى. قېيناتىسىغا بولغان ئۆچمەنلىكمۇ تەدرىجىي يوقاپ كەتتى، يەنە كېلىپ، قېين ئاتىسىمۇ يېقىندىن بۇيان ئۇنى ئىلگىرىكىدەك مەسخىرە قىلمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

يېڭى يىلنىڭ تۇنجى كۈنى ئۇ مۇدىر بۆلۈم ئەزالىقىغا ئۆستۈرۈلدى. ئۇ قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە ئۆيىگە قايتىپلا خوتۇنىنى سۆيۈپ كەتتى، يېرىم يىلدىن بۇيان بۇ تېخى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى. كورا ھودۇقۇپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، گويا ئۇ ئەدەپسىز بىر ئىش قىلىپ قويغاندەك قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ يېڭى يىلنى تەبرىكلەپ كەلگەن مازىنغا قارىدى، مازىمۇ ئۆزىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، كۆرۈ-شۈشنى خالىمىغاندەك، يۈزىنى ئۆرۈۋېلىپ دېرىزىدىن سىرتقا قارىۋالدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، كاسىرام يەنە ئۆزگىرىپ ھەدېسىلا چېچىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ يېڭىۋاشتىن مەسخىرە قىلىش ئارقىلىق كۆيئوغلىنى ئازابلايدىغان، بەزى ۋاقىتلاردا ھەتتا مازىغىمۇ ھۇجۇم قىلىدىغان بولۇپ قالدى، گويا ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان، ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا ئامال بولمىغان بۇ بالايىئاپەتتە مازىنىڭمۇ بىر ئۈلۈش مەسئۇلىيىتى باردەك.

يالغۇز كورا ئۆزىلا ئىنتايىن تەمكىن بولۇپ، بەختلىك، شاد- خۇرام كۆرۈنەتتى، ئۇ گويا كۆز ئالدىكى قورقۇنچلۇق

مۇددەت چىكىنى ئۆنتۈپ كەتكەنىدەك قىلاتتى.

ھازىر ئۈچىنچى ئاي ئىدى. بارلىق ئۈمىد بەربات بولغانىدەك قىلاتتى، چۈنكى يەتتىنچى ئاينىڭ يىگىرمىنچى كۈنى ھاممىسى چارلوتتىنىڭ ۋاپات بولغىنىغا ئۈچ يىل توشاتتى.

بۇ يىلقى باھار ئاجايىپ بالدۇر كەلدى، ئوت - چۆپلەر مەزگىلىدىن بۇرۇن بىخلاندى. مازى ئۆز دوستىغا:

— بىر يەكشەنبە كۈنىنى تاللاپ سىنا دەرياسى بويىدىكى ئورمانلىقتا بىرىپ ۋىئولىت گۈلى ئۈزگەچ، بىر كۈن تاماشا قىلىپ كېلەيلى، — دەپ تەكلىپ بەردى.

سىنا دەرياسى ئاستا ئاقماقتا، يىڭىلا بىرنەچچە قېتىم يامغۇر ياغقاچقا، دەريا سۈيى لايلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ناھايىتى غەمكىنىدەك كۆرۈنەتتى. پۈتكۈل دالا گويا يىڭىلا يۇيۇلغانىدەك ھۆل پېتى تۇراتتى، باش باھارنىڭ يىللىق قۇياش نۇرى ئاستىدا، دىماقلارغا بىرخىل نەملىك خۇشبۇي ھىد ئۇرۇلاتتى. كاسىرام ئىچى پۇشۇپ، بىئارام بولۇپ، ھاسىسى بىلەن داڭگاللارنى چوقۇيتتى، ئۇ بەختسىزلىك ئەمدى يۈز بىرىدىغان بولدى، دەپ ئويلايتتى، شۇڭلاشقا ئادەتتىكىدىنمۇ بەكرەك مەيۇسلىنىپ كەتكەنىدى. لېسسابىرنىڭ كەيپىياتىمۇ ياخشى ئەمەس ئىدى. ئۇ چۆپلۈكتە پۈتىنى ھۆل قىلىۋېلىشتىن قورقاتتى. ئۇنىڭ خوتۇنى بولسا، مازى بىلەن گۈل ئۈزۈپ، گۈلدەستە تىزىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. يىقىندىن

بۇيان، كورانىڭ ئانچە تاۋى يوقتەك كۆرۈنەتتى، ھامان ئېزىلەڭگۈلۈك قىلاتتى، يۈزلىرى تاتىرىپ كەتكەندى. ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇ ھېرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، قايتىپ بېرىپ چۈشلۈك تاماق يېيىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار شۇنداق قىلىپ، تۈگمەن يېنىدىكى بىر كىچىك ئاشخانىغا كىردى.

پارىژلىقلار دالا سەيلىسىگە چىققاندا دائىم يەيدىغان بىر ۋاخلىق چۈشلۈك تاماق ناھايىتى تېزلا تەييارلىنىپ، دەريا بويىدىكى گۈللۈك لاپاس ئاستىغا قويۇلغان، ئۈستىگە ئىككى داستىخان يېپىلغان ياغاچ شىرە ئۈستىگە تىزىلدى. ئۇلار ياغدا پىشۇرۇلغان بېلىق ۋە ياغيۇ بىلەن پىشۇرۇلغان كالا گۆشى قوردىقىنى يەپ بولغاندىن كېيىن، لىقمۇلىق بىر لېگەن خام كۆكتات يوپۇرمىقى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەن ۋاقىتتا، كورا تو- ساتتىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى قولىدا سالفېتكا بە- لەن ئاغزىنى ئەتكىنىچە دەريا بويىغا ئىتتىك يۈگۈرۈپ كەتتى. لېسسابىر ئەندىشە قىلىپ: «ئۇنىڭغا نېمە بول- غاندۇ؟» دەپ سورىدى. مازى بىرئاز قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، يۈزلىرى قىزارغىنىچە دۇدۇقلاپ:

— مەن .... مەن بىلمىدىم ..... ئۇ ھېلىلا ياخشى ئىدىغۇ! — دېيەلىدى.

كاسىرام ۋېلكسى بىلەن ئەمدىلا بىر تال خام كۆكتات يوپۇرمىقىنى سانجىپ ئالغانىدى، ئۇمۇ قورق- قىنىدىن قېتىپلا قالدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قىزىنى

كۆرۈپ باقماقچى بولدى، ئۇ ئورنىدىن قوزغىلىپلا، قىزىنىڭ بىر دەرەخكە بېشىنى تىرىگىنىچە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەقىقەتەن ئاغرىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى. كاسىرام بىئاراملىق ـ تەشۋىش نۇقتىئىنەزىرىدە ئۇلارنى كۆزىتىپ، ئىبغىز ئېچىشقا جۇرئەت قىلالمىدى، ئەنسىرەش بىلەن ئۇمىد تۇيەيلىدىن سارالڭ بولۇپ قالايلا دېگەن ئىدى.

بىر چارەك ۋاقىت جىمجىتلىق ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى. كورا قايتىپ كەلگەندە، يۈزلىرى تاتىرىپ كەتكەنىدى، يولىنمۇ ناھايىتى كۆچەپ ئاران ماڭاتتى. ئۇنىڭ نېمە بولغانلىقىنى ھېچكىم سورىمىدى. ھەممەيلەن بۇنىڭ ئاسانلىقچە ئاغزىدىن چىقارغىلى بولمايدىغان بەختلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغاندەك قىلاتتى. كاسىرام بىر ئىبغىز گەپ سوراپ قالدى:

— ياخشى بولۇپ قالدىڭمۇ؟.

ئۇ جاۋابەن:

— ياخشى بولۇپ قالدىم، رەھمەت، ھېچقىسى يوق. لېكىن، بالدۇرراق قايتىپ كېتەيلى، بېشىم سەل ئاغرىۋاتىدۇ، — دېدى. ئۇ جاۋابەن.

قايتىدىغان ۋاقىتتا، ئۇ ئېرىنىڭ بىلىكىنى تۇتۇۋالدى، گويا ئۇنىڭ قەلبىدە بىر سىرلىق ئىش بولۇپ، ھازىرچە ئۇنى ئېيتىشقا جۇرئەت قىلالمايۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئۇلار سانتاراسا ئىستانسىسىدا ئايرىلىشتى، مازى ئىشى بارلىقىنى باھانىلاپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ كېتىپ

قالدى. كاسىرام قىزى ۋە كۈيئوغلى بىلەن قالغان چاغدىلا، ئالدىراپ - تېنەپ:

— تاماق يەۋاتقاندا، ساڭا نېمە بولدى؟—دەپ سورىدى. كورا بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— ھېچنېمە بولمىدىم، بىرئاز بىئارام بولدۇم، —

دېدى. ئۇنىڭ لەۋلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەندى - دە، مەيۈس ھالدا يۈرۈپ كەتتى.

لېسابىر ئارامسىزلىناتتى، كاللىسىمۇ ئېلىشىپ كەتتى، نۇرغۇن قالايمىقان، ئۆزئارا زىددىيەتلىك خىياللار ئۇنى چىرمىۋالغانىدى. ئۇنىڭ قەلبىگە راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇشقا بولغان ئارزۇ، چىقىرىۋېلىشقا نائىلاج غەزەپ، ئېغىزدىن چىقارغىلى بولمايدىغان ھاقارەت ۋە توختۇ يۈرەكلىك، قايغۇ ۋە ھەسەت تولغانىدى. ئۇ ئۆيگە قايتىپلا، بىجىرىدىغان ھۆكۈمەت ئىشى بارلىقىنى باھانىلاپ، ئۆيگە يالغۇز بېكىنىۋالدى.

كاسىرام شۇندىلا ئىككى قولىنى قىزىنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ:

—سەن ھامىلدار بولۇپ قالدىڭمۇ - قانداق؟—دەپ سورىدى.

ئۇ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:

— ھەئە، مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتىمەن. ئىككى ئاي بولدى،—دېدى. ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەستىنلا، كاسىرام خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتتى، ئۇ ئامراق قىزىنى

قۇچاقلاپ، ئەسەبىيلەرچە تەكرار ـ تەكرار سۆيىدى، ئەڭ ئاخىرىدا قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىنى بوشقىنا پەپىلەپ قويۇپ:

ــ ھىم! ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇق! ئېرىڭگە ئېيتتىڭمۇ؟ ــ دېدى.

ئۇ توساتتىن قورقۇشقا باشلىدى ۋە كېكەچلىگىنىچە:

ــ ياق .... تېخى ياق ..... مەن .... مەن كۈتۈۋاتىمەن، ــ دېدى.

كاسىرام ۋارقىرىۋەتتى:

ــ توغرا، توغرا. سېنىڭ ئېغىز ئاچمىقىڭ ئانچە ئوڭاي ئەمەس .....سەن تۇرۇپ تۇر، ئۇنىڭغا مەن دەيمەن!

ئۇ كۈيئوغلىنىڭ ياتىقىغا كىردى. لېسسابىر ھېچ ئىش قىلمىغانىدى، ئۇ قېيناتىسىنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى. بىراق، كاسىرام ئۇنىڭ كەيپىنى ئوڭشىۋېلىشىنى كۈتمەستىنلا ئالدىراپ ـ تېنەپ:

ــ ئايالىڭىزنىڭ بويىدا قالغانلىقىنى بىلەمسىز؟ دېدى.

ئەر بولغۇچى بىر چۆچۈدى ـ دە، دەماللىققا تەمتىرەپ، ئىككى مەڭزى قىزىرىپ كەتتى.

ــ ئۇنىڭ بويىدا قاپتۇ، دەۋاتىمەن، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ھەقىقەتەن تەلەيلىك ئىكەنسىز! ــ دېدى. ئۇ ۋە خۇشاللىقىدىن لېسسابىرنىڭ ئىككى قولىنى ھەم تەبرىكلىگەندەك،

ھەم ھاياجانلانغاندەك چىلىق سىقىپ، بىرنەچچە قېتىم سىلكىپ قويدى. ئۇ يەنە بىر قېتىم:

— ھەي! ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇق! بەك ياخشى بولدى! بەك ئىسىل ئىش بولدى! بىر مىليون دېگەن گەپ! بۇ مال ـ دۇنيا بىزنىڭ بولدى! — دېدى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. بىر مەھەل سەكرىگەندىن كېيىن، توساتتىن:

— بېرىڭ، ئۇ سىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ھېچبولمىغاندا، ئۇنى سۆيۈپ قويۇڭ! — دېدى. ئۇ ئۇنى قۇچاقلاپ ئالدىغا ئىتتەردى، گويا رەزىنكە توپنى ئاتقاندەك، ئۇنى بىر ئىتتىرىپلا كورا كۈتۈپ تۇرغان تاماقخانىغا كىرگۈزۈۋەتتى.

كورا ھاياجانلانغان ھالدا ئۆرە تۇراتتى، تىك ـ تىڭشايتتى. ئۇ ئېرىنى كۆرۈپلا، توساتتىن جىددىيلىشىپ، نەپەس ئالالماي قالدى. ئېرى ئايالىنىڭ ئالدىدا تۇرغىنىچە چىرايى تاتىرىپ، ناھايىتى ئازابلانماقتا ئىدى. قارىماققا، ئۇ گويا سوتچىغا، ئايالى بولسا، جىنايەتچىگە ئوخشايتتى.

ئۇ ئايالىغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ:

— ئاڭلىشىمچە، سىز ھامىلدار بولۇپ قاپسىز ـ ھە، — دېدى.

ئايالى ئاۋازى تىترەپ، دۇدۇقلىغىنىچە:

— شۇنداقتەك تۇرىدۇ، — دېدى.

كاسىرام ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، بىر ـ

بىرىگە قارىتىپ، بىر يەرگە يىقىن ئەكېلىپ قويىدى. ئۇ سۈرەن سېلىپ:

— ئاناڭنى ئىككىڭلار سۆيۈشمەمسىلەر! شۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقمىكەن؟ — دېدى ۋە ئۇلارنى قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، كۆرەڭلىگىنىچە:

— بىز ئاخىر ئۇتتۇق! ھەي، لىئونپورت، بىز دەرھال يېزىغا بېرىپ بىر ئۆي سېتىۋالايلى. يېزىغا بارغاندىن كېيىن، سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز ھامان ئەسلىگە كېلىدۇ، — دېدى.

لېسابىر بۇ گەپنى ئاڭلاپ غەزەپكە كەلدى. ئۇنىڭ قېيناتىسى يەنىلا گېپىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى:

— بىر تورىسىبوپ ئەپەندى بىلەن ئۇنىڭ خانىمىنى ئويناپ كېتىشكە تەكلىپ قىلايلى. مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى تۇگىشەي دېدى. سىز ئۇنىڭ ئىشىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشىڭىز مۇمكىن.

لېسابىر كاسىرامنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى گويا كۆز ئالدىدىلا پاكىتتا ئايلانغاندەك بولدى. ئۇ دەريا بويىدىكى بىر چىرايلىق ئاق ئۆينىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، بۆلۈم باشلىقىنى قارشى ئېلىۋاتقاندەك بولدى. ئۇ قىيپاش يوللۇق پەلتو، پاناما قالپىقى كىيگەنىدى. بىر شېرىن سېزىم بۇ ئۈمىد بىلەن بىللە ئۇنىڭ قەلبىگە ئېقىپ كىرىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭدى، ئۇ ئۆزىنى يېنىكلەپ قالغاندەك، شاد-خۇراملىقتا

چۈمۈلگەندەك، تېنىمۇ كۆپ ياخشىلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. كاسىرام ئۈمىد ئىچىدە مەست بولۇپ، ئويلىغانسېرى مەمنۇن بولاتتى، ھەشەمەتلىك، نەپىس، ئازادە تۇرمۇش مەنزىرىسى ئۇنىڭ كاللىسىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتەتتى. ئۆزىنىڭمۇ ھەممىشە كىشىلەرنىڭ زو-قىنى كەلتۈرىدىغان باي غوجاملاردەك، چاققان ۋە كۆركەم پەيتۇننى ھەيدەيدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا، تولۇق قانائەت ھېس قىلاتتى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا:

— ئاھ، شۇنداق بولمامدىغان، ئۇنداقتا، ئەلۋەتتە نا-ھايىتى قاملىشاتتى - دە! — دەيتتى.

بىراق، ئۇ بىر دوختۇرنى ئىسپات يېزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىش كېرەك، دەپ قارايتتى. لېفېۋيور بىر قاراپلا ئۇلارنى تونۇۋالدى - دە:

— قانداق، مۇۋەپپەقىيەت قازانغانسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

ئۇلار ئۇيالغىنىدىن قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى، كورا بىرئاز ئالاقزادە بولغاندەك بولدى. دوختۇر ئالقان-لىرىنى ئۇۋۇلاپ:

— مەن ئاللىقاچان پەملىگەن، ئاللىقاچان پەملى-گەن، — دېدى. ئۇ ياش ئايالنى تەكشۈرگەندىن كېيىن:

— ياخشى! ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپسى-لەر! — دېدى - دە، بىر ۋاراق قەغەزگە: *«شۇنىڭغا ئىس-پات بېرىمەنكى، كاسىرام ئائىلىسىنىڭ قىزى لىئونپورت*

*لىبسابىرنىڭ ئايالى كورانىڭ ھامىلىدار بولغانلىقىغا ئۈچ ئاي بولغانلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلدى. پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي ئىنستىتۇتىنىڭ تېببىي پەنلەر دوكتورى لىفېۋيور»* دەپ يازدى. ئۇلار قولتۇقلىشىپ، چەبدەس قەدەم تاشلاپ، شاد ـ خۇرام ئۆيگە ياندى. بىراق، لىبسابىر يېرىم يولغا كەلگەندە بىر ئەقىل تاپتى ـ دە:

—گۇۋاھچىنىڭ يېنىغا بارايلى، سەن، ئەڭ ياخشىسى، بېلىڭگە بىر ـ ئىككى لۆڭگە ئورىۋال، بۇنداقتا ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالايسەن، ئۇنداق قىلساڭ ياخشىراق بولىدۇ. ئۇمۇ بىزنى ۋاقتىنى قولغا كەلتۈرۈش غەرىزىدە بولۇۋېتىپتۇ، دەپ قالمايدۇ ـــ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆيگە قايتتى، ئۇ ئۆزى خوتۇنىنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، بىر يالغان «قورساق» ياسىدى. ھەقىقىيەك كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۇ لۆڭگىنىڭ ئورنىنى ئون نەچچە قېتىم ئۇياق ـ بۇياققا يۆتكىدى، ھەر قېتىم يۆتكىگەندە، ئۇ كەينىگە بىرنەچچە قەدەم چېكىنىپ، ئۇنىڭ ياخشى بولغان ـ بولمىغانلىقىغا قاراپ باقاتتى. ئۇ تامامەن رازى بولغاندىن كېيىن، ئاندىن يولغا چىقتى. ئۇ بۇ بادالڭ قورساقنى باشلاپ كوچىغا چىققاندا، ئىنتايىن مەمنۇن بولدى، چۈنكى، بۇ بادالڭ قورساق ئۇنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايتتى.

گۇۋاھچى ئۇلارنى قىزغىن كۇتۇۋالدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا،

ئۇ ئۇلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلىدى، يەنە دوختۇرنىڭ ئىسپاتىنى بىر قېتىم كۆردى. گۇۋاھچى ياش ئايالنىڭ يوغىناپ قالغان قورسىقىغا قايىل بولۇش نەزەرى بىلەن قاراپ، ئەڭ ئاخىردا مۇنداق دەپ ئېلان قىلدى:

— ناھايىتى ياخشى. بالىنىڭ تۇغۇلۇش ـ تۇغۇلماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ بەربىر مەۋجۇت، بىر ھاياتلىق بارلىققا كەلدى. شۇڭلاشقا، بىز مىراسنى بىر تەرەپ قىلىش چېكىنى لېسسابىر خانىمىنىڭ تۇغۇت مەزگىلىگىچە كېچىكتۈرسەك بولىدۇ.

گۇۋاھچىلىق ئورنىدىن چىققاندا، ئۇلار پەلەمپەيدىلا ئىختىيارسىز قۇچاقلىشىپ سۆيۈشۈپ كەتتى، ئۇلار نەقەدەر خۇشال ـ ھە!

7

بۇ چوڭ خۇشاللىق ئىش سېزىلگەندىن كېيىن، بۇ ئائىلىدىكى ئۈچ كىشى بىرلىكتە ئىنتايىن ئىناق ئۆتتى، ئۇلار ناھايىتى خۇشال ـ خۇرام، تىپتىنچ ، مۇلايىم ئىدى. كاسىرامىنىڭ بۇرۇنقى كۇلۇپلا يۈرىدىغان شاد ـ خۇرام كەيپىياتى تامامەن ئەسلىگە كەلدى؛ كورامۇ ئېرىگە بەك كۆيۈنىدىغان ۋە غەمخورلۇق قىلىدىغان بولدى؛ لېسسابىرمۇ گويا باشقا بىر كىشىگە ئۆزگىرىپ قالغاندەك، كۈن بويى كۇلۇپلا يۈرىدىغان بولدى، ئۇنىڭ مىجەزى

ئەزەلدىن مۇنداق ياخشى بولۇپ باقمىغانىدى.

مازىمۇ بۇ ئۆيگە بۇرۇنقىدەك پات ـ پات كەلمەيدىغان بولدى، ئۇ ھازىر بۇ ئۆيدىكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىدە ئۆزىنى ئانچە ئەركىن سەزمەيدىغان بولدى، ئۇلار گەرچە ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۈتسىمۇ، بىراق، پوزىتسىيىسى بۇرۇنقىدىن كۆپلا سوۋۇپ قالدى، چۈنكى، بەخت دېگەن شەخسىيەتچى كېلىدۇ، باشقىلارنىڭ ھەمتاۋاق بولۇشىغا يول قويمايدۇ. كاسىرامچۇ، بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى، بۇ كېلىشكەن بۆلۈم ئەزاسىنى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئۆيىگە تەكلىپ قىلغانىدى، ھازىر بولسا، قەلبىدە ئۇ-نىڭدىن بىزار بولۇشقا باشلىدى، كورانىڭ بويىدا قال-غانلىق ئىشىنىمۇ ئۇ بۇ دوستىغا ئېيتقانىدى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، مازى ھەر يەكشەنبە كۈنى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ كەچلىك تاماق يەيتتى، بىراق، بۇ ئاخ-شاملار تولىمۇ غەشلىك ۋە بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ئۆ-تەتتى، بۇ خىل تەسىرات بىر قېتىمدىن يەنە بىر قې-تىمدا تېخىمۇ ئېغىر بولاتتى. ھەتتا، بىر كۈنى كەچتە، ئۇ ئىشىكتىن چىقىشىغا، كاسىرام قەھر ـ غەزەپ بىلەن:

— بۇ ئەبلەخ مېنى بىزار قىلغىلى تۇردى! — دەپ ۋارقىرىدى.

لېبسابىر ئۇنىڭغا ئۇلاپلا:

— بۇ ئادەم، ئەمەلىيەتتە ئانچە كونىرىغانسىرى، ئا-دەمنىڭ نەزەرىدىن شۇنچە چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى.

كورا بولسا، يەرگە باقتىنىچە پىكىر بايان قىلمىدى. سورۇندا ئۈزۈنتۈرا مازى بولسىلا، ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى ئوڭايسىز ھېس قىلاتتى. مازىچۇ؟ كورا ئۇنىڭ ئالدىغا بارسىلا، يۈز ـ كۆزىنى خىجىللىق قاپلايتتى، كەچتىمۇ ئۆلارنى ئويۇنغا تەكلىپ قىلمايدىغان بولدى.

بىر پەيشەنبە كۈنى، كورانىڭ ئېرى ئىشتىن چۈ-شۈپ قايتىپ كېلىپ، كەچلىك تاماق يەيدىغان ۋاقىتتا، كورا ئادەتتىن تاشقىرى قىزغىنلىق بىلەن ئېرىنى سۆيۈپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا:

—ھېلى مازى ئەپەندى مېنى كۆرگىلى كەپتىكەن، كىشىلەرنىڭ مەن توغرىلىق غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىـ شىنى خالىمىغانلىقىم ئۈچۈن، مەن ئۇنىڭغا ئېرىم يوق ۋاقىتتا ھەرگىز بۇ يەرگە كەلمەڭ، دېدىم، ئۇ بۇنىڭدىن خۇش بولمىغاندەك قىلدى،—دەپ پىچىرلىدى.

لېسابىر چۆچۈپ كېتىپ:

—ھە! ئۇ نېمە دېدى؟—دەپ سورىدى.

—ئۇ ھېچنېمە دېمىدى، بىراق مەن يەنىلا بىئارام بولۇپ، كەسكىنلىك بىلەن، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە بۇ يەرگە كەلگۈچى بولماڭ، دېدىم. سىز بىلىسىز، ئۇنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەنلەر ئاتام بىلەن سىز، مېنىڭ بىلەن قىلچىمۇ ئالاقىسى يوق.

ئۇنىڭ ئېرى كۆڭلىدە ھەم ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولدى،

ھەم خۇشال بولدى.

ئىككى ئەرنىڭ ئۇ ئۆزى ئىشتىن ئىلگىرى ئورۇن- لاشتۇرۇپ قويغان مۇناسىۋەتنى ساقلىشى ئۈچۈن، ئۇ ئۇلارغا يەنە:

— ئىشخانىدا سىز ھېچنېمىنى بىلمىگەن بولۇ- ۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقىدەكلا سۆزلىشىۋېرىڭ. بىر- راق، ئەمدى ئۇ بۇ يەرگە ھەرگىز كەلمەيدۇ، — دېدى.

لېسابىر خوتۇنىنى مۇلايىملىق بىلەن قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە، مەڭزىلىرىگە ئۇزاققىچە سۆيۈپ كەت- تى.

8

توققۇزىنچى ئاينىڭ ئاخىرلىرى كورا قىز تۇغدى. ئۇلار قىزىنىڭ چوقۇندۇرۇش مۇراسىمىنى تەنتەنىلىك- رەك ئۆتكۈزۈشنى ئويلاشتى- دە، كېلەر يىلى يازدا، ئۇلار سېتىۋالماقچى بولغان ھېلىقى داچىدا ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى. بۇ داچا سېنا دەرياسى بويىدىكى كىچىك تاغقا جايلاشقانىدى.

بۇ يىل قىشتا ئۇدا بىرقانچە چوڭ ۋەقە يۈز بەردى. مىراس قولغا كېلىشى بىلەنلا كاسىرام پېنسىيىگە چىقىش ئىلتىماسى يېزىپ، ئىشخانىدىن ئايرىلدى. مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى رابائوت ئاخىر ئۆلدى، ئۇنىڭ

ۋەزىپىسىنى لېسسابىر ئۆتكۈزۈۋالدى، لېكىن تېخىچە ۋەزىپىگە رەسمىي تەيىنلەنمىدى، چۈنكى، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەن ۋاقىتتىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، ئۇنىڭ بەلگىلەنگەن يىل چېكى تېخى توشمىغانىدى.

كورا تامامەن باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى، بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، بۇرۇنقىدىن نازاكەتلىك بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ بىر ئادەم بايلىققا ئېرىشكەندە قانداق ئۆزگىرىشى كېرەكلىكىنى بىلگەن، ھېس قىلغانىدى.

يېڭى يىل بايرىمى كۈنى كورا بۆلۈم باشلىقىنىڭ خانىمىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ بالىغا چوقۇندۇرغان ئانا بولۇپ بېرىشىنى ئۆتۈندى ئۇنىڭ گەپ- سۆزلىرى شۇنچىلىك سەمىمىي، شۇنچىلىك تەسىرلىك ئىدىكى، تورسىبوپ خانىم بۇنى ئاڭلاپ ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر بولدى، كاسىرام چوقۇندۇرغان ئاتىسى بولدى.

چوقۇندۇرۇش مۇراسىمى ئالتىنچى ئاينىڭ ھاۋا ئوچۇق بىر يەكشەنبە كۈنىدە ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگەن ئاقپىشماق مازىدىن باشقا، پۈتكۈل بۆلۈمدىكىلەر ھەممىسى تەكلىپ قىلىندى.

سائەت توققۇزدا لېسسابىر پويىز ئىستانسىسىدا پارىژدىن كېلىدىغان پويىزنى كۈتۈپ تۇردى، تورسىبوپ ئەپەندى بىلەن ئۇنىڭ گۈلدەك ياسانغان ئايالى بىرىنچى دەرىجىلىك

ۋاگوندىن چۈشۈپ كەلدى. لېسابىر ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان باشلىقنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ-تېنەپ ئۇنىڭ ئال-دىغا يۈگۈردى.

مۇراسىم ئىنتايىن چىرايلىق ئۆتكۈزۈلدى. ئاندىن كې-يىن ئۇلار قايتىپ كېلىپ، چۈشلۈك تاماق يېدى. ھەربىر مېھمان ئۆز سالۇپېتكىسىنىڭ ئاستىدا ئۆز سالاھىيىتىگە باب كېلىدىغان بىر ئۇلۇش سوۋغات بارلىقىنى سېزىۋې-لىشتى. چوقۇندۇرغان ئانا بىر ئالتۇن بىلەزۈككە، ئۇنىڭ ئېرى قىزىل ياقۇت كۆزلۈك گالستۇك قىسقۇچقا، پىتولېر ئالىي دەرىجىلىك، دېڭىز كۆپۈك تېشىدىن ياسالغان غاڭزىغا ئېرىشتى. ساھىبخان: بۇ سوۋغاتلارنى بالىمىز ئۆزىنىڭ يېڭى دوستلىرىغا تەقدىم قىلدى، دېدى. تورسىبوپ خا-نىم ھەم خىجىل بولدى، ھەم خۇشال بولدى، يۈزلىرى قىزارغان ھالدا، يالت-يۇلت نۇر چېچىپ تۇرغان بى-لەزۈكنى سېمىز بېلىكىگە سېلىۋالدى. بۆلۈم باشلى-قىنىڭ ئېسىۋالغىنى ئىنتايىن تار قارا گالستۇك بو-لۇپ، قىسقۇچنى قىسىشقا ئامال بولمىدى، شۇنىڭ بى-لەن ئۇ قىسقۇچنى مۇراسىم كىيىمىنىڭ قايرىلما يا-قىسىغا — شەرەپ-دەرىجە ئوردېنىنىڭ ئاستىغا قىس-تۇرۇپ قويدى، ئۇ گويا ئىككىنچى دەرىجىلىك كرېست مېدالىغا ئوخشاپ قالغانىدى.

تاماقتىن كېيىن پىرەنىك يەيدىغان ۋاقىتتا، بالا

ئېلىپ كېلىنىپ، ھەربىر مېھماننىڭ سۆيۈپ قويۇشىغا سۇنۇلاتتى. بالا قاردەك ئاپئاق، يەڭگىل گىرىپكە ئو-رالغانىدى، ئۇ ھېچقانداق ئىپادىسىز كۆپكۆك كۆزلىرى بىلەن بۇ كىشىلەرگە قاراپلا قالغانىدى، گۆشلۈك يۈزلىرى سەل ـ پەل ھەرىكەتلىنىپ تۇراتتى، قارىغاندا ئۇ كىشىلەرگە دىققەت قىلىپ قارايدىغان بولۇپ قال-غانىدى.

پىتولېر باشقىلار پاراڭلىشىۋاتقان ۋاقىتتا، يېنى-دىكى كىشىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ:

ــــ مازىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن! ــــ دېدى.

ئىككىنچى كۈنى بۇ گەپ پۈتكۈل دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىقىغا پۇر كەتتى.

بۇ ۋاقىتتا، سائەت ئىككىگە قوڭغۇراق چېلىنغانى-دى. لىكېۋر ھارىقى ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، كا-سىرام كۆپچىلىكنى بۇ ئۆينى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا، ئۇنىڭدىن كېيىن سېنا دەرياسى بويىغا بېرىپ سەيلە قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. مېھمانلار قاتار سەپ تۈزۈپ، گەمىدىن تاكى ئەڭ يۇقىرى قەۋەتكىچە ھەربىر ئېغىز ئۆينى كۆرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ كەينىدىن گۈللۈككە كى-رىپ بىر ئايلىنىپ، ھەربىر تۇپ دەرەخ، ھەربىر تال گۈل ـ گىياھتىن ھۇزۇرلاندى.

تورسىبوپ ئەپەندى لېسسابىرغا:

— سىزنى كىلەر يىل يېڭى يىل بايرىمىدا ئۆس-تۈرۈشنى قارار قىلدۇق، باشقارما باشلىقى ماڭا رەس-مىي ماقۇل بولدى، — دېدى.

لېىسابىر جاۋابەن:

— سۆيۈملۈك باشلىق، سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى قانداق قايتۇرسام ياخشى بولىدىغانلىقىنى راستتىنلا بىلەلمەيۋاتىمەن، — دېدى.

كورا بىلەن تورسىبوپ خانىم ئىشىك ئالدىدىكى پەلەمپەيدىكى چېدىر ئاستىدا ئولتۇرۇپ، ئاسماننى قاپ-لىغان كەچكى شەپەقتىن ھوزۇرلانماقتا ئىدى.

ئىنىكئانا گىرىپكە ئورالغان بوۋاقنى كۆتۈرگىنىچە چىغىر يولنىڭ نېرىقى بېشىدا پەيدا بولدى. ئۇ بالىنى كۆتۈرۈپ بۇ ئىككى ئايالنىڭ ئالدىغا كەلدى، بوۋاق قىزغۇچ ئالتۇن رەڭ مانان ئىچىدە پۈتۈن بەدىنى ئەتىر-گۈل رەڭگىدە بويالغانىدى. ئۇ ئوخشاشلا ھاڭۋاقتىلىق ۋە ئاجىز كۆزلىرى بىلەن ئاسمانغا قارايتتى، ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ يۈزلىرىگە سەپسالاتتى.

يىراقلارغا بېرىپ مۇڭداشقان ئەرلەر قايتىپ كەل-مەكتە ئىدى. كاسىرام نەۋرىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، گويا ئاسمانغا چىقىرىۋېتىدىغاندەك قىلىپ ئېگىز كۆ-تۈردى. نۇرلۇق ئۇپۇقتا ئۇنىڭ سايىسى كۆرۈندى، قاردەك ئاپئاق ئۇزۇن كىيىمى يەردە سۆرىلىپ ياتاتتى.

بوۋا بولغۇچى سورەن سېلىپ:

— دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئىش بولامدۇ! — دېدى.

# ئەسلىي ئەسەر ئۈستىدە تەھلىل

دۇنيا ئەدەبىياتىدا موپاسسان ئەڭ كۆپ ئوقۇرمەنگە ئېرىشكەن يېشۋالارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ كىشىنىڭ دىق-قەت ـ نەزەرىنى جەلپ قىلىدىغان ئەدەبىي ئورۇنغا ئېرى-شىشىگە 300 دىن ئارتۇق پوۋېست، ھېكايىسى بىلەن ئالتە رومانى ئاساس سېلىپ بەرگەن. ئۇنىڭ رومانلىرى-دىن «ھايات» ۋە «چىرايلىق دوست» لارنى دۇنيا ئەدەبى-يات خەزىنىسىدىكى مەشھۇر نادىر ئەسەرلەر دېيىشكە بولىدۇ، ئۇنىڭ ھېكايىچىلىق ساھەسىدىكى بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنى «ھېكايە پىرى» دېگەن چىرايلىق نامغا ئېرىشتۈردى.

موپاسساننىڭ پوۋېست، ھېكايىلىرىدە تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، ئۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى فرانسىيە جەمئىيىتىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت كارتىنىسىنى ئومۇمىيۈز-لۈك سىزىپ بەردى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە، ئىجتىمائىي رېئاللىقتىكى خىلمۇخىل تۇرمۇش ھادىسىلىرى قال-دۇرماي ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن؛ ھەرقايسى قاتلام-دىكى كىشىلەر روشەن سۈرەتلەپ بېرىلگەن؛ فرانسىيىنىڭ

شەھەر ـ بازار، يېزا ـ كەنتلىرىنىڭ قىياپىتى، كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى جانلىق تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە كەڭ دېتال ئېلىش جەھەتتە مۇنداق گەۋدىلىك ئۈچ مۇھىم نۇقتا بار، ئۇ بولسىمۇ پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشى، پارىژدىكى ھۆكۈمەت ئوششاق مەمۇرلىرى تۇرمۇشى ۋە نورماندىيە رايونىدىكى يېزا ـ بازارلارنىڭ مەنزىرىسى بىلەن تارىختا يېزىپ قالدۇرۇلمىغان ۋەقەلەردىن ئىبارەت.

موپاسسان پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشىغا قاتناشقان، پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشى تېما قىلىنغان پوۋېست، ھېكايىلىرىدە ئۇ ئاساسلىق قىلىپ پرۇسسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قەبىھ، ۋەھشىيانىلىقىنى، فرانسىيە قوشۇنىنىڭ چىرىك، يارىماسلىقىنى پاش قىلىپ، فرانسىيە خەلقىنىڭ زوراۋانلىقتىن قورقماي، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرغانلىقىدەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى مەدھىيىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشى يېزىلغىنى «دونداق» تىن ئىبارەت.

«دونداق» — موپاسسان ئېلان قىلغان تۇنجى ھېكايە، شۇنداقلا ھېكايىلىرى ئىچىدىكى دۇردانە. «دونداق» تا دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىكى لىئون شەھىرىدىكى ئون نەپەر ئاھالىنىڭ بىر ئات ھارۋىسىغا چىقىپ قاچقانلىقى ھېكايە قىلىنغان. ئون نەپەر ئاھالە ئىچىدە ئاقسۆڭەك ـ پومېشچىك، كاپىتالىست، بىردىنلا بېيىپ كەتكەنلەر

ھەمـدە ئۇلارنـىڭ خوتۇنلـىرى بار، يەنە ئىككى نەپەر مۇناخ، ئۆزىنى «ئىنقىلابىي پارتىيە» دەپ ئاتىۋالغان بىر ساختىا ۋەتەنپەرۋەر، «دونداق» لەقەملىك بىر پاھىشە بار. بىر ئات ھارۋىسى بىر جەمئىيەتنىڭ كىچىكلىتىلگەن كار- تىنىسىدىن ئىبارەت.

ئۇنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. پرۇسسىيە قوشۇنى لىئون شەھىرىنى ئىشغال قىلىدۇ. يەرلىك بىرقانچە چوڭ سودىگەر تۈرلۈك سە- ۋەبلەر تۈپەيلىدىن، فرانسىيە ئىگىدارلىقىدىكى ھافور پورتىغا كېتىشنى ئويلايدۇ، بىراق، ئالدى بىلەن قوروۋق- لۇق ئارقىلىق ھارۋىغا ئولتۇرۇپ دىيىپقا بارغاندىلا، ئان- دىن پاراخوتقا ئولتۇرۇپ ھېلىقى پورتقا بارغىلى بولاتتى. بۇ بىرقانچە چوڭ سودىگەرنىڭ بىرى گراف يۇبېردى بېرۋىلى بولۇپ، ئۇ ئۇرۇش ئاپىتىدىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش ئۈچۈن قېچىپ كېتىۋاتقانىدى، يەنە بىرى كاررى لامادان ئەپەندى بولۇپ، ئۇ مال - مۈلكىنى بىخەتەر را- يونغا يۆتكىۋېلىش ئۈچۈن قېچىپ كېتىۋاتاتتى؛ يەنە بىرى بولسا، ۋولېر ئەپەندى بولۇپ، ئۇ دۆلەتنىڭ قى- يىنچىلىقىدىن ئۈچرىغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ زور دەرىجىدە بېيىپ، ھافورغا بېرىپ غايەت زور پۇلنى ئې- لىش ئۈچۈن كېتىۋاتقانىدى. بۇ ئۈچ كىشى ئىچىدە، بىرى — سالاپەتلىك كۆرۈنىدىغان پېشقەدەم مۆتىۋەر، بىرى — ساختىپەز، مەككار چوڭ كاپىتالىست، يەنە

بىرى بولسا، قوۋ ـ ھىيلىگەر ئۇزۇم ھارىقى سودىگىرى. بۇلاردىن باشقا يەنە قارا نىيەت سىياسەتۋاز كورنىيودىمۇ بار. دونداق پروسسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ھاقارىتىگە چىدىمىغانلىقى ئۈچۈن قېچىپ چىققان بولۇپ، ئۇ تولغان بەدەنلىك ھەم گۈزەل بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىنى تولىمۇ جەلپ قىلىدۇ. ئۇ ئاپتور كۈچ سەرپ قىلىپ ياراتقان مۇھىم پېرسوناژ.

ھارۋىدا، دەسلەپتە ئۈچ مۇلۇكدارنىڭ خانىملىرى ئۆزئارا پىچىرلىشىپ، دونداقنى «نومۇسنى ساتىدىغان خوتۇن»، «چۈپرەندە» دەپ ھاقارەت قىلىشىدۇ، ئۈچ مۇلۇكدار بولسا، نامراتلارنى مەنسىتمەسلىك تەلەپپۇزىدا پۇل ۋە يېمەك ـ ئىچمەك ھەققىدە گەپ سانىدۇ. بىراق، ھارۋىنىڭ بىر كۈن قېقىپ ـ سىلكىشى بىلەن قورساق ئاچىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يول ئۈستىدە يېمەكلىك سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، پەقەت دونداقلا ئۈچ كۈنگە يەتكۈدەك يېمەكلىك ھازىرلىۋالغانىدى. بۇ چاغدا، ھارۋىدىكى كەيپىياتتا كومېدىيىلىك بۇرۇلۇش يۈز بېرىدۇ. چۈجە كاۋىپى، مېۋە ـ چېۋە، جاڭيۇدا قورۇلغان گۆش، قەنت ـ گېزەك، بولكا قاتارلىق نەرسىلەر قاچىلانغان سېۋەت بۇرژۇئازلارنى ئۆزۈل ـ كېسىل بىتچىت قىلىدۇ. سۆلەتۋاز خېنىملار، ھەتتا مۇناخلارنىڭ سالاپەتلىك قىلىپ كۆرسىتىدىغان نىقابلىرىمۇ بىتچىت بولىدۇ، ئۇلار يېمەكلىك ئالدىدا تەسلىم بولىدۇ. ئۇلار گەرچە دونداقنى

مەنسىتمەسلىمۇ، قورساق ئاچقاندا، كىمنىڭمۇ سىنىپىي ئۆچمەنلىك ۋە سىنىپىي پەرق دېگەنلەر بىلەن كارى بولسۇن؟ دونداقنىڭ يېمەكلىكى يېيىلىپ تۈگەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەنسىتمەسلىك ناھايىتى يېقىنچىلىقا، تىل ــ ھاقارەت ماختاش ــ ئۇچۇرۇشقا ئۆزگىرىدۇ.

ھارۋىنىڭ پروسسىيە قاراۋۇلخانىسىدا توسۇپ قويۇلۇشى ــ سۇژىت تەرەققىياتىنىڭ ئاچقۇچى، شۇنداقلا پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يورۇتۇشنىڭ مۇھىم ھالقىسى. بۇ ئايال قېرىنداشنى پروسسىيە ئوفىتسېرىنىڭ ھاقارەتلىك تەلىپىگە تېز پۈكۈشكە مەجبۇرلاش ئۈچۈن، ھارۋىدىكى يولۇچىلار خىلمۇخىل سۈيىقەست ۋە ۋاستىلەرنى ئىشقا سالىدۇ: بىردىنلا بېيىپ كەتكەن ۋولېر ئەپەندىنىڭ قەھر ــ غەزىپى ئۆرلەپ: «بۇ رەسۋانىڭ پۇت ــ قولىنى باغلاپ دۈشمەنگە تاپشۇرۇپ بېرىش» نى تەشەببۇس قىلىدۇ؛ بىراق، «ئائىلىسى ئۈچ ئەۋلادتىن بۇيان دىپلومات بولۇپ كېلىۋاتقان، ئۆزىمۇ دىپلوماتلارغا خاس سالاپەتكە ئىگە گراف بېرېۋىلى ئۇستىلىق بىلەن ئىش كۆرۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇنىڭغا ئوبدانراق نەسىھەت قىلىش كېرەك،» دەيدۇ؛ ئەڭ ئاخىردا پېشقەدەم مۇناخ «ئىنجىل» دىكى ھېكايىلەردىن مىسال كەلتۈرۈپ، نىيەت خالىس ــ پاك بولسىلا، قىلغان ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى تەڭرى كەچۈرىدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇ دەل ئاتالمىش «نەتىجىسىنىلا سوراش، ۋاستىسىنى

سورىماسلىق» تۇر. بۇ خىل دىنىي ۋەز ـ نەسىھەتلەر ئا-خىر دونداقنىڭ پاك قەلبىنى تەسىرلەندۈرىدۇ، ئۇ هار-ۋىدىكى قېرىنداشلىرى ئۈچۈن، ئاخىر دۈشمەن ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئىپپىتىنى قۇربان قىلىدۇ.

هارۋا يەنە يولغا چىقىدۇ، بۇ چاغدا ھېكايە ۋەقەلى-كىدە، هارۋىدىكى كەيپىياتتا يەنە بىر قېتىم زور ئۆز-گىرىش بولىدۇ. ھېچكىم ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمايدۇ، ھېچكىم ئۇنى تونۇمايدىغان قىلىقلارنى قىلىدۇ ھەتتا ئۇنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرقايىسىسى ئۆزىنىڭ مەززىلىك تائامىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ. هارۋىدىكى كىشى-لەرنىڭ هاياتىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئىپپىتىنى قۇربان قىلغان، ئالدىراشچىلىقتا يېمەكلىك تەييارلىۋې-لىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن دونداق بولسا، ئاچلىق ئىلكىدە توڭلاپ ئولتۇرىدۇ. بۇ هارۋىدىكى تۇنجى سورۇن بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولىدۇ. ھېكايە دونداقنىڭ چىدى-غۇسىز پىغانلىق نالىسى ئىچىدە ئاخىرلىشىدۇ.

پېرسوناژلار ئوبرازىنى تەسۋىرلەشتە موپاسسان پېر-سوناژلارنىڭ مۇئەييەن شارائىتتا مۇقەررەر بولۇشقا تې-گىشلىك ئەڭ مۇۋاپىق ئىش ـ ھەرىكىتى، ئىنكاسى، ئى-پادىسى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ۋە خا-راكتېر چىنلىقىنى ئېچىپ بەرگەن. ئاپتور يولۇچىلار-نىڭ قېچىشىدىكى ئوخشاشمىغان سەۋەبلەر، ئۇلارنىڭ سەپەردىكى ئىپادىسى، بولۇپمۇ دونداققا بولغان ئىلگىرىكى

ۋە كېيىنكى پوزىتسىيىلىرىنىڭ تەكرار ئۆزگىرىشى ئار-قىلىق، ئۇلارنىڭ ئوخشاشمىغان ئىجتىمائىي سالاھىيىتىنى ئىپادىلەپ، ھەرقايسىسىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى سۈرەتلەپ بەرگەن. مۇلۇكدارلار دۈشمەن ئالدىدا تىز پۈكۈپ خۇشامەت قىلىدۇ، جېنىنى ئاياپ، ئۆلۈمدىن قورقىدۇ، قېرىنداشلىرىنى سېتىۋېتىدۇ. «رەسۋا» پاھىشە بولسا، ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىك پەزىلىتى ۋە مىللىي غۇرۇرىنى ئىپادىلەيدۇ.

پروسسىيە ئوفىتسېرىنىڭ ئەدەپسىزلەرچە تەلىپىگە قارىتا ۋولېر ئەپەندى ئېنىق قىلىپ: «مېنىڭچە، بۇ ئوفىتسېرنىڭ قىلمىش - ئەتمىشى ناھايىتى راۋۇرۇس ئىكەن» دەيدۇ، پەزىلەتلىك دونداقنى بولسا، ئەكسىچە ھاقارەتلەيدۇ: «بىراق، بىزنى مۇشكۇللۇكتىن قۇتقۇزىدىغان بۇگۈنكى پەيتتە، بۇ پاسكىنىغا تېخى ھال كىرىپ قاپتۇ....» ئۇ ھەتتا دونداقنى پۇت - قولىدىن باغلاپ دۈشمەنگە تاپشۇرۇپ بېرىش تەكلىپىنى بېرىدۇ. بۇ يەردە ئاپتور بىزگە بىراقلا بېيىپ كەتكەن بىر باينىڭ رەزىل ئەپت - بەشىرىسىنى تولۇق ئېچىپ بېرىدۇ، ئۇ پۇرسەت-پەرەسلىك قىلىپ پۇل تېپىشنىلا بىلىدۇ، ئۇنىڭدا ئاز-راقمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ۋە نومۇس تۇيغۇسى يوق.

گراف بېرىۋېلى بولسا، ئۆزىنى باشتىن - ئاخىر سالاپەتلىك قىلىپ كۆرسىتىدىغان «مۆتىۋەر» بولۇپ، دەسلەپتە، ئۇ ھارۋىدا دونداقنىڭ يېمەكلىكىنى يېيىشنى

ئويلايدۇ، بىراق، يەنىلا غەرەزلىك ھالدا پاك ـ ئالىيجاناب قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. يەپ تۇرۇپمۇ، يەنە «نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغان سېمىز جۇۋانغا ــ دونداققا ئۆرۈلۈپ قاراپ»، خۇددى دونداقنىڭ يېمەكلىكىنى يېيىشى گويا ئۇنىڭغا قىلىنغان بىر خىل چەكسىز رەھىم ـ شەپقەتتەك، ئاقسۆڭەكلەرچە كىبىر بىلەن: «ئوبدان، بىز تارتىنمايمىز، خانىم» دەيدۇ. ئەلڭ ئاخىردا دونداقنى ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇرلاشتىمۇ ئۇ ئەلڭ ھىيلىگەرلىك قىلىدۇ. روھىي جەھەتتىن ھۇجۇم قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، «ئۇنىڭغا ياخشىراق نەسىھەت قىلىدۇ». ھەتتا دونداققا يېقىنچىلىق قىلىپ «سەن» لەيدۇ، يەنە نومۇسسىز ـ شەرمەندىلەرچە: «بىلسەڭ سۆيۈملۈكۈم، ئۇ ئۆز ۋەتىنىدە كەم ئۇچرايدىغان گۈزەل بىر قىزنىڭ تەمىنى تېتىغانلىقىدىن كەلگۈسىدە ماختىنىدۇ، تېخى» دەيدۇ.

كورنىيودې ئەپەندى دەسلەپتە «ئىنقىلابىي پارتىيە» قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ناھايىتى ۋەتەنپەرۋەردەك كۆرۈنىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ سۈيىقەستى ئەمەلگە ئېشىپ غەلىبىنى تەبرىكلەۋاتقان پەيتتە، ئۇ «تۈيۈقسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ، ۋەھشىيانە ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئولتۇرغانلارغا بىر قۇر قاراپ چىقىپ: ئېيتىپ قويااي، بايىدىن بېرى ھەممىڭلار راسا رەسۋالىق قىلىدىڭلار!» دەيدۇ. قارىماققا ئۇنىڭ بۇ قىياپىتى گويا ھەققانىيەتنى ياقلاۋاتقاندەك قىلاتتى، بىراق، ئەمەلىيەتتە،

باشقىلار سۈيىقەست پىلانلاۋاتقان پەيتتە، ئۇ «ئىلگىرىكىدەكلا بىر چەتتە ئولتۇرغان، بۇ ئىشقا ئارىلاشمىغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېھمانخانىدا تۇرۇۋاتقاندىكى بىر كۈنى كېچىسى ئۇ دونداقنى ئىندەككە كەلتۈرمەكچى بولۇپ، نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغانىدى. ئېھتىمال، بۇ ئىش تۇيۇلمىسۇن ئۇ كۆڭلىدە غۇم ساقلاپ، ئاچچىقىنى چىقارغىلى يەر تاپالماي قېلىۋاتقان بولسا كېرەك.» ھارۋا داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان ۋاقىتتا، كورنىيۇدىمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا دونداققا قاراپمۇ قويمايدۇ، ھەتتا «مارسىل كۈيى» گە مەپتۇن بولۇپ قالىدۇ. ئۇ — ۋەتەنپەرۋەرلىك نىقابىغا ئورىلىۋالغان «بۆرە»، ئىنقىلاب مەزگىلىدە سۈنئى لېيىتىپ بىلىق تۇتۇشنى ئويلايدىغان، قارا نىيىتى چېكىگە يەتكەن سىياسەتۋاز.

ئۈچ سۆلەتۋاز خېنىم بىلەن مۇناخلار ئار-نومۇس دېگەننى تېخىمۇ بىلمەيدۇ. دەسلەپتە، بۇ ئابرۇيپەرەس خوتۇنلار دونداقنى «پاھىشە»، «شەرمەندە-رەسۋا» دەپ ھاقارەت قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياش كاررى لامادان خانىم دەل ئاشۇنداق ئايال بولۇپ، «لىئوندا تۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن، ئائىلە كېلىپ چىقىشى ياخشى ئوفىتسېرلار ھەمىشە ئۇنىڭ تېنىدىن تەسەللى تاپاتتى». بۇ، ئۇنىڭ ئىچى بىلەن سىرتى بىردەك ئەمەس رەسۋا ئەپت-بەشىرىسىنى تولۇق نامايان قىلىپ بېرىدۇ. كېيىن ئۇلار دونداقنى ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك

تېنىنى سىبتىشقا مەجبۇرلايدۇ، «خېنىم»، «خانقىز»، «قىزىمىز» دېيىشتىنمۇ ئايانمايدۇ. ئۇلارغا ئوخشاش ئاتالمىش يۇقىرى تەبىقىدىكى خوتۇنلاردا بولىدىغان جىلۋىلىك نومۇس پەردىسى «ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشىنىلا نىقابلىغان بولۇپ، بۇ خوتۇنلار بۇنداق ئادەتتىن تاشقىرى يىرگىنچىلىك ۋەقەدىن غەزەپلىنىش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۇنى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشتا ئەمەك ھېسابلاپ ئۇنىڭدىن لەززەتلىنىۋاتاتتى، ئۇلار خۇددى نەپسى يامان ئاشپەزنىڭ كىشىلەرگە ئېسىل تاماق تەييارلىغاندا تۇزنى تېتىپ باققىنىدەك، باشقىلارنى تېپىشتۇرۇشنى سىناپ كۆرۈشكە شۇنچىلىك ئالدىراپ كېتىشىۋاتاتتى». ئاق كۆڭۈل پاھىشە — دونداققا سېلىشتۇرغاندا، ئۇلاردا ئازراقمۇ نومۇس تۇيغۇسى يوق، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بېرىپلا تېنىنى تەقدىم قىلغۇسى كېپكېتىدۇ. ئوخشاشلا ئايال زاتىدىن بولغان دونداققا قارىتا، ئورتاق دۈشمەن ئالدىدا، ئۇلاردا ئازراقمۇ ھېسداشلىق يوق، ئۇلار ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن، تەقەززالىق بىلەن دونداقنى مەجبۇرلايدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن كىيىم ـ كېچەك، ھاۋا رايى قاتارلىق نازاكەتلىك تېمىلار ئۈستىدە گەپ ساتىدۇ. مۇبادا، ھېكايىدىكى ئەرلەر توپىنى دونداققا قورشاپ ھۇجۇم قىلىدىغان قاتىللار دېسەك، ئاتالمىش تەربىيە كۆرگەن بۇ خېنىملارنى يۇقىرىقى قاتىللاردىن تېخىمۇ ۋەھشىي جاللات دېيىشكە توغرا كېلىدۇ.

موپاساننىڭ ھېكايىدىكى پوزىتسىيىسى ناھايىتى روشەن بولۇپ، ئۇ ئاقسۆڭەك بۇرژۇئازىيىنىڭ ساختىلىقى ۋە چۈشكۈنلۈكىنى رەھىمسىزلەرچە قامچىلاپ، ھاقارەتلەنگەن تۆۋەن تەبىقىدىكى خەلققە بولغان ھېسداشلىقى ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ تۆۋەن تەبىقىدىكى خەلقنىڭ ۋەكىلى — دەل دونداقتۇر. ۋەھشىي پرۇسسىيىلىكلەر ئالدىدا ئۇ تىز پۈكمەيدۇ. ئۇ ئېتىلىپ بېرىپ دۈشمەننىڭ گېلىنى سىقىدۇ، پرۇسسىيە ئوفىتسېرىنىڭ ھاقارەتلىك تەلىپىنى مەنسىتمەيدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇ دۈشمەن ئالدىدا باتۇر، قەيسەر؛ قېرىنداشلىرى ئالدىدا ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، مەرد، كەڭ قورساق ـ ئۇ يېمەكلىكىنىمۇ ئۆزىنى كۆزگە ئىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ يېيىشىگە بېرىدۇ. بىراق، دەل «ئۆز كىشىلىرى» گە بولغان ئاق كۆڭۈللۈك ئۇنىڭغا زىياندەكشلىك قىلىدۇ، ئۇ ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن ئىپپەت ـ نومۇسىنى ساتىدۇ، يەنە شەپقەتسىزلەرچە مەسخىرە ۋە كەمسىتىشكە ئۇچرايدۇ، پەقەتلا يىغان ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئاسان ئىشىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن قايغۇرىدۇ. قېرىنداشلىرى ئالدىدا، شۈبھىسىزكى، ئۇ بىر بەختسىز. ئاپتور دونداقنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى، ئىنكاسى، ئىپادىسى ئارقىلىق، تۆۋەن تەبىقىدىكى بىر ۋەتەنپەرۋەرنىڭ تەسىرلىك ئوبرازىنى جانلىق ياراتقان.

بولاردىن باشقا، بۇ ھېكايىنىڭ سەھىپىسى گەرچە قىسقا بولسىمۇ، لېكىن ئوخشاش بولمىغان ماھارەت ۋە شەكىللەر ئارقىلىق، پروسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشى دا-ۋامىدىكى فرانسىيە جەمئىيىتىدىكى ھەرقايسى سىنىپ-لارنىڭ ھالىتىنى جانلىق نامايان قىلىپ بەرگەن. دېھ-قانلارنىڭ دۈشمەنلەرنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈپ ئۆچ ئېلىشى، شەھەرلەردىكى مېشچانلارنىڭ مادارا قىلىپ يول قويۇشى، فرانسىيە قوشۇنىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى، پومېشچىك ۋە كاپىتالىستلارنىڭ پەسكەشلىكى، نومۇسسىزلىقى، مەن-پەئەتپەرەسلىكى قاتارلىقلارمۇ ھېكايىدە مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

بەدىئىي ئالاھىدىلىكى جەھەتتە، ئالدى بىلەن «دوذ-داق» تىكى مۇلاھىزىلەر ناھايىتى جايىدا، قۇرۇلمىسى پۇختا. ھېكايە مەغلۇبىيەتتىن كېيىنكى چېكىنىشنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ھالدا باشلانغان، ئالدى بىلەن كىتابخانلارنى ھېكايە پەيدا بولغان جەمئىيەت ۋە دەۋر كەيپىياتى بىلەن تەسىرلەندۈرۈپ، ھېكايىدىكى چىنلىق تۇيغۇسىنى ۋە تىپىكلىكىنى كۈچەيتكەن. ھېكايىنىڭ يېشىمى دونداقنىڭ پىغانلىق نالىسى ئىچىدە شاپپىدە توختاپ، مەپتۇن قىلغۇچى ساداسى قۇلاق تۈۋىدىن زادى كەتمەيدىغان بەدىئىي ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ. ھېكايىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قىسمىدا، ۋەقەلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، سورۇننى ئالماشتۇرۇش، پېرسوناژلارنى لايىھىلەش قاتار-

لىق جەھەتلەردە كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىمىلىك سىلىشتۇرۇش ـ روشەنلەشتۇرۇش ئۇسۇلى كارامەت ياخشى قوللىنىلىپ، پېرسوناژلار ئارا، سورۇنلار ئارا بىر ـ بىرىنى يورۇتۇپ بېرىش، بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش ئارقىلىق، ئەسەر قۇرۇلمىسى پۇختا بولغان بىر پۈتۈن بەدىئىي گەۋدىگە ئايلاندۇرۇلغان.

بىرىنچىدىن، سالاھىيەتنى سېلىشتۇرما قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. پېرسوناژلارنى لايىھىلەش جەھەتتە، يۇقىرى تەبىقىدىكى توققۇز نەپەر ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە پېرسوناژ شەخسىيەتچى، جېنىنى ئاياپ ئۆلۈمدىن قورقىدىغان، ئىنتايىن نومۇسسىز، شەرمەندە قىلىپ تەسۋىرلەنگەن، ئەمما ئەڭ تۆۋەن تەبىقىدىكى پاھىشە بولسا، ئاق كۆڭۈل، ساددا، سەممىمىي، باتۇر، دادىل، ۋەتەنپەرۋەر قىلىپ تەسۋىرلەنگەن، بۇ — پېرسوناژلار ئىچكى پەزىلىتىنىڭ سېلىشتۇرمىسىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا، يېمەكلىك جەھەتتىمۇ سېلىشتۇرما قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. مەسىلەن، ئۇلار تۇتۇپ تۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى دونداق ئېلىۋالغان يېمەكلىكلىرىنى شەخسىيەتسىز ھالدا باشقىلارغا بۆلۈپ بېرىدۇ، بىراق قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ھېلىقى توققۇز كىشى يېمەكلىكنى ئۆزلىرىلا يەيدۇ، مانا بۇمۇ روشەن بىر سېلىشتۇرمىنى شەكىللەندۈرگەن؛ ئەڭ ئاخىردا پېرسوناژلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى سېلىشتۇرما قىلىنغان. مەسىلەن،

دونداق مىللىتىنىڭ دۈشمىنى ئالدىدا قەتئىي باش ئەگمەيدۇ، بىراق، باشقىلار ئۆز مەنپەئىتىنى دەپ دونداقنى ئازاب ـ ئوقۇبەت گىردابىغا ئىتتىرىدۇ ھەمدە ئۇنى كۆزگە ئىلمايدۇ. مۇشۇنداق سىيلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ نەقەدەر چىرىك، ۋەتەن ساتقۇچ، پەسكەش، مەنپەئەتپەرەس، ئىقتىدارسىز ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئەسەرنىڭ باش تېمىسى ئىنتايىن روشەن يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئوبرازلارنى تەسۋىرلەشتە، يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ سەتلىكى بىلەن تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان دونداقنىڭ گۈزەللىكى تاشقى ئوبراز جەھەتتىكى سېلىشتۇرمىنى شەكىللەندۈرگەن. ھارۋىدا باي غوجاملار بىلەن سۆلەتۋاز خېنىملارنىڭ دونداققا ئاۋۋال ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ، كېيىن ئۇنى ئىززەتلىشى ئەلۋەتتە بىر سېلىشتۇرما بولسىمۇ، لېكىن ئاپتور نەرسە يېيىلىۋاتقان سورۇننى ئىككى قېتىم تەسۋىرلەپ، تېخىمۇ مەقسەتلىك ھالدا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، بۇ سۆلەتۋازلارنىڭ ۋاپاغا جاپا قىلغانلىقىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. ھارۋا توسۇلۇپ تۇرۇۋاتقان قىسقىلا بىرنەچچە كۈن ئىچىدە، ئۇلارنىڭ دونداققا تۇتقان پوزىتسىيىلىرىنىڭ ئالدى ۋە كەينىدىكى ئۆزگىرىشلىرىمۇ كۈچلۈك سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغان: ئۇلار پرۇسسىيە ئوفىتسېرىنىڭ دونداققا قويغان يولسىز تەلىپىنى ئاڭلىغاندا، دەسلەپتە مەردلىكى جۇش ئۇرۇپ، پۈتۈن مەيداندا

«ھەممەيلەن غەزەپلىنىپ، بۇ نومۇسسىز ئەبلەخنى ئە-
يىبلەشكە باشلىدى»، كورنېيودىي ھەتتا ئىستاكاننى
ئۇستەلگە ئۇرۇپ چۇل - چۇل قىلىۋېتىدۇ. بىراق، ئىك-
كىنچى كۇنى دونداقنىڭ ماقۇل بولماسلىقى تۇپەيلى
يولغا چىقالمىغانلىقىنى بىلگەن چېغىدا، ئۇلار غەزەپ -
نەپرىتىنى دونداققا يۆتكەيدۇ: «ھەممەيلەننىڭ دونداقتىن
كۆڭلى سوۋۇغاندەك كۆرۈنەتتى»، ئۈچىنچى كۇنى
«ھەممىسىنىڭ يۈرىكىنى غەزەپ قاپلىغانىدى»، ھەتتا
دونداققا سۆز قىلىپمۇ قويمىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپلا
مەخپىي سۇيىقەست پىلانلايدۇ، ماسلىشىپ قورشاپ
ھۇجۇم قىلىپ، بىر ۋەتەنپەرۋەرنى، ئۆزلىرىنىڭ شەپقەت-
چىسىنى قوش قوللاپ دۈشمەنگە تەقدىم قىلماقچى بو-
لىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى روشەن سىلىشتۇرما بولۇپ،
ئاپتور تەرىپىدىن ئەسەرگە ئەقىلغا مۇۋاپىق يوسۇندا،
مۇكەممەل ئورۇنلاشتۇرۇلغان. قۇرۇلمىسىنىڭ ئاجايىپ-
لىقى تۇپەيلىدىن بۇ ئەسەرنى ھەقىقەتەنمۇ «نادىر ئەسەر
دېيىشكە بولىدۇ».

ئىككىنچىدىن، كىچىكى ئارقىلىق چوڭنى كۆ-
رۈش. گەرچە ھېكايە كىچىك بولسىمۇ، ئەينى زاماندىكى
ئەڭ زور تېما — ئۇرۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.
موپاسسان مۇشۇنداق بىر كىچىك ھېكايىدە ئادەمنى
چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان چوڭ بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا
قويغان: پرۇسسىيە - فرانسىيە ئۇرۇشىدا تاجاۋۇزچىلار-

نىڭ زوراۋانلىق قىلمىشىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟ مىللىي مۇناپىقلار كىم؟ كىملەر ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر؟ بۇ ھېكايىدە پرۇسسىيە - فرانسىيە ئۇرۇشى يەكۇنلەنگەن. ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ شەخسىيەتچىلىكى ۋە چىرىكلىكى — بۇ مىللىي ئاپەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ھەقىقىي سەۋەب.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرى رېئال تۇرمۇشتىن بىۋاسىتە ماتېرىيال ئالىدۇ، بىراق، ئۇ چوڭ تېمىلاردا يازمايدۇ، بەلكى كىشىلەر سەل قارايدىغان ئاددىي كىشىلەر ۋە ئاددىي ئىشلارنى يازىدۇ، ئۇ بىرخىل ئادەتتىن تاشقىرى نەزەر دائىرە ۋە ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ، مۇشۇنداق ھېچبىر يېڭىلىقى يوق كۈندىلىك تۇرمۇشتىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلىلەرنى قېزىپ چىقىپ، ئۇنىڭدىكى بىرقانچە كۆرۈنۈشلەرنى ئۈزۈۋېلىپ، مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

موپاسسان ھېكايە ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ تۇپ تەلەپنىڭ ئىخچام، قىسقا سەھىپە ئارقىلىق ئىمكانقەدەر مول تۇرمۇش مەزمۇنلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر بىلگەچكە، سەنئەت قانۇنىيىتىگە بويسۇنۇپ، ھېكايىلىرىدە كىچىككى ئارقىلىق چوڭنى، بىرى ئارقىلىق مىڭنى يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشقان. بۇنداق تەبىئىي مەنزىلگە يېتىش ئۈچۈن تېما، كارتىنا ۋە پېرسوناژلارنى تېپىكلەشتۈرۈشتىن تاشقىرى، ئەڭ

مۇھىمى، بەدىئىي جەھەتتىن تاۋلاش كېرەك.
بۇ — دەل موپاساسان ئۇزاق مەزگىل فىلوبېرنىڭ يېپ-
تەكچىلىكىدە قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن بىر مۇھىم مەز-
مۇن. فىلوبېر ئىلگىرى ئۇنىڭغا مۇنداق بىر تەلەپنى
قويغانىدى: «پەقەت بىرلا جۈملە سۆز بىلەن بېكەتتىكى
مەلۇم بىر ئاتنىڭ باشقا ئەللىكتەك ئات بىلەن قانداق
پەرقى بارلىقىنى ماڭا ئېيتىپ بەرگىن.» موپاساسان ئا-
خىر بۇنداق ئادەتتىن تاشقىرى يۈكسەك ماھارەتنى ئى-
گىلەپ، ئۆز ھېكايىلىرىنى كىچىككى ئارقىلىق چوڭنى
كۆرگىلى بولىدىغان، يىغىنچاق ۋە مەزمۇنلۇق، يۈكسەك
دەرىجىدە تاۋلانغان بەدىئىي ئۈلگىگە ئايلاندۇردى. ئۇنىڭ
ھېكايىلىرىدە بىر خىل رېئاللىق، بىرەر ۋەقە، بىرەر
خاراكتېر ۋە بىرخىل ھالەتنىڭ نەمۇنىسى قىسقا سە-
ھىپە، ئاز مىقداردىكى يېزىق ئارقىلىق مۇكەممەل،
توغرا، روشەن ئىپادىلەنگەن جايلار ھەددى-ھېسابسىز
بولۇپ، دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئاپتورنىڭ كىنايە قىلىش جەھەتتى-
كى سەنئەت ماھارىتى كىشىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدۇ.
سىلىشتۇرما قىلىشىنىڭ ئۆزى كۆپ ھاللاردا كۈچلۈك
ھەجۋىيلەشتۈرۈشتۇر. ئاپتور بايان داۋامىدا، ھەمىشە
ئىنتايىن كۈلكىلىك ياكى نومۇسلۇق ئىشنى بىر خىل
تەنتەنىلىك تەلەپپۇزدا سۆزلەپ، كىشىلەرنىڭ كۈلكى-
سىنى تېخىمۇ قىستايدۇ، كىشىلەر يا كۈلۈشنى، يا

يىغلاشنى بىلەلمەي قالىدۇ. مەسىلەن، ئاپتور گرافنى سۇرەتلىگەندە مۇنداق يازىدۇ: «گراف سالاپەتلىك ئاقسۆڭەكلەردىن بولۇپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى ھەدەپ بېزەكلەپ، ئۆزىنى پادىشاھ ھېنرىخ IV نىڭ ئەۋلادى قىلىپ كۆرسىتىشكە بەكمۇ تىرىشاتتى.» شۇنچىۋالا كۆز - كۆز قىلىشقا ئەرزىگۈدەك «ئۆزىنى شاھ ئەۋلادى قىلىپ كۆرسىتىشكە بەكمۇ تىرىشىش» زادى قانداق كېلىپ چىققان؟ ئەسلىدە «ئۇنىڭ ئاجايىپ شەرەپلىك ئائىلە رىۋالىسىدىن قارىغاندا، پادىشاھ ھېنرىخ IV بىر ۋۇلى جەمەتىدىكى بىر خانىمنى ھامىلىدار قىلىپ قويۇپتىكەن، شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئىرىنى گرافلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپتىكەن ۋە ئۆلكە باشلىقلىقىغا تەيىنلەپتىكەن». گراف غوجامنىڭ ھېلىقىدەك ئار - نومۇسنى شان - شەرەپ دەپ، پەسكەشلىكنى ئالىيجانابلىق دەپ بىلىدىغان ئىدىيىۋى قىلمىشى نەقەدەر كۈچلۈك مەسخىرە قىلىپ ئېچىپ تاشلانغان - ھە!

ئۇلاردىن باشقا ئىنچىكە تەپسىلات تەسۋىرلىرى پېرسوناژلارنى قەغەز يۈزىدە جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ، كىشىگە ھەقىقىي چوڭقۇر تەسىرات بېرىدۇ.

## ئىجادىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى

فرانسىيە بۇرژۇئازىيىسى ئىلگىرى ئىنقىلابىي سىنىپ بولۇپ، 1789 - يىلىدىكى زور ئىنقىلابنىڭ ئالدى -

كەينىدە فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، تارىختىكى ئىلغارلىق رولىنى جارى قىلدۇرغانىدى.

بىراق، 1848 ـ يىلىدىن كېيىن ئىنقىلابىيلىقىنى تەدرىجىي يوقىتىپ، ئۆزىنىڭ ئەكس تەرىپىگە قاراپ ماڭدى، بۇ خىل ئەھۋال پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدە تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەندى.

موپاسساننىڭ نامىنى چىقارغان ئەسىرى ۋە ھېكايىلىرى ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى «دونداق» (1880 ـ يىل) دەل پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ئىدى.

1870 ـ يىلى پرۇسسىيە قوشۇنىنىڭ فرانسىيىگە تاجاۋۇز قىلىشى بىلەن، پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشى پارتلىدى. ھۆكۈمەتنىڭ چىرىكلىشىشى ۋە ئارمىيىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى تۈپەيلىدىن، فرانسىيە ھەممە سەپتە مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. جەڭگاھتا ناپولېئون III ئەسىرگە چۈشتى، فرانسىيە قوشۇنى زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، پرۇسسىيە قوشۇنىنىڭ تاجاۋۇزى تۈپەيلىدىن ئىككىنچى ئىمپېرىيە غۇلاپ چۈشتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان ئاتالمىش دۆلەت مۇداپىئە ھۆكۈمىتى بىر ئوچۇم سىياسەتۋازلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ خەلقتىن قورقۇشى تاشقى دۈشمەندىن قورقۇ-

شىدىن ئېشىپ چۈشەتتى، شۇڭلاشقا، ئۇلار ۋەتەننى سې-
تىپ، تاجاۋۇزچىلارغا تەسلىم بولۇشقا رازى بولۇپ،
خەلقنى باستۇرۇشنى ئاساسىي نىشان قىلغانىدى. فىرانـ
سىيە ئاخىر نائىلاج پرۇسسىيە قوشۇنى بىلەن سۈلھى
تۈزۈپ، ئېلزاس، لوتارىنگىيەدىن ئىبارەت ئىككى ئۆلـ
كىنى پرۇسسىيىلىكلەرگە بۆلۈپ بەردى ھەمدە 50 مىلـ
فرانك تۆلەم تۆلىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش فرانسىيە تا-
رىخىدىكى بىر چوڭ ئىش، شۇنداقلا دۆلەت ئۈچۈن چوڭ
ئار - نومۇس بولدى. بۇ ئىش فرانسىيىنىڭ 19 - ئە-
سىرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىكى ئەدەبىياتىدا دائىم
ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ كەلدى. 1879 - يىلى يازدا، زولا باش-
چىلىقىدىكى ئالتە يازغۇچى (قالغان بەشى موپاسسان،
گوسمان، سېلئال، ئېرنىك ۋە ئالىكسئوستىن ئىبارەت)
زولانىڭ ئەترگۇل داچىسىغا يىغىلىپ، ئۇدا بىرنەچچە
كۈن ئاي يورۇقىدا پرۇسسىيە - فرانسىيە ئۇرۇشى ھەق-
قىدىكى ھېكايىلەرنى نۆۋەت بىلەن سۆزلىشىدۇ ھەمدە
ھەربىرەيلەن بىر پارچىدىن پرۇسسىيە - فرانسىيە ئۇرۇ-
شىغا ئالاقىدار ھېكايە يېزىشقا كېلىشىپ، 1880 - يىلى
4 - ئايدا «ئەترگۇل كېچىلىكى» ناملىق بىر توپلامنى
نەشر قىلدۇرىدۇ. قىسقىغىنا بىرنەچچە ھەپتىدىلا بۇ
كىتاب سەككىز قېتىم نەشر قىلىنىدۇ، دېمەك، مۇشۇ-
نىڭدىنلا ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ زور بولغانلىقىنى كۆرۈۋال-
غىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ زىلزىلە قوزغىغىنى

يەنىلا موپاسساننىڭ پوۋېستى «دونداق» ئىدى. موپاس-ساننىڭ مېھرىبان ئۇستازى فىلوبېر بۇ ھېكايىنىڭ قولىيازمىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، دەرھال موپاسساننى تەبرىكلەپ خەت يېزىپ مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇ بىر نادىر ئەسەر، ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن شۇنداق ئېيتالايمەنكى، بۇ ئەسەر كېيىنكىلەرگە مىراس بولۇپ قالىدۇ.» ئەپ-سۇسكى، فىلوبېر بۇ ئەسەرنىڭ رەسمىي نەشرىنى كۆ-رۈشكە ئۈلگۈرمەيلا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. شۇنداق ئېيتىش كېرەككى، «دونداق» موپاسساننىڭ 300 پارچىغا يېقىن ھېكايىسى ئىچىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر نادىر ئەسەر.

موپاسساننىڭ پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشىغا بى-ۋاسىتە قاتناشقانلىقى، ئۇنى بۇ تارىخىي ۋەقەنى بايان قىلىشتا ئەڭ سالاھىيەتلىك ئادەمگە ئايلاندۇرغان. ھېكا-يىدە تەسۋىرلەنگەن يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ پ-رۇسسىيە ئوفىتسېرىنىڭ ھاقارەت تۇسىنى ئالغان تە-لىپى ئالدىدىكى قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى بىلەن دۆلەت مۇداپىئە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىپادىسى خۇددى بىر قېلىپتا قۇيغاندەكلا ئوخشاش چىقىدۇ.

## پېرسوناژلارنى تونۇشتۇرۇش

دونداق: ھېكايىدىكى باش قەھرىمان. ئىسمى ئېلىزابىت

روسسە بولۇپ، «دونداق» لەقەملىك پادىشە. ئۇ پرۇسسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ھاقارىتىگە چىدىمىغانلىقى ئۈچۈن قېچىپ چىققان.

ئات ھارۋىسى پرۇسسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ قاراۋۇلخانىسىدا توسۇلۇپ قالغان ۋاقىتىدا، ھارۋىدىكى ئۆزىنى «ئېسىلزادە» دەپ ماختىنىدىغان يولۇچىلارنىڭ سۈيىقەستى بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىپپىتىنى قۇربان قىلىدۇ. دونداق—ئاپتور كۆچ سەرپ قىلىپ ياراتقان تۆۋەن قاتلامدىكى خەلق ئىچىدىكى ئاق كۆڭۈل، باتۇر ۋە ۋەتەنپەرۋەر ئايالدۇر. ئاپتور ئۇنىڭغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىدۇ ۋە ئۇنى مەدھىيىلەيدۇ.

ۋولىر ئەپەندى: ئۈزۈم ھارىقىنى توپ تارقىتىش سودىگىرى. ئۇ ئەڭ تۆۋەن باھادىكى ئەڭ ناچار ھاراقنى سەھرادىكى كىچىك ئۇششاق تىجارەتچىلەرگە توپ تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ «مەككار سودىگەر» دېگەن نامى پۇر كەتكەن. ئۇ دۆلەتنىڭ قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ زور دەرىجىدە بېيىپ، ھافورغا غايەت زور پۇلنى ئېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ.

كاررى ـ لامادان ئەپەندى: ئۆلكىلىك پارلامېنت ئەزاسى، چوڭ كاپىتالىست. فابرىكا ساھەسىدە ناھايىتى يۇكسەك ئورۇنغا ئىگە شەخس. مال ـ مۈلكىنى يۆتكەش ئۈچۈن قېچىپ چىققان. سىياسىي جەھەتتە پۇرسەتپەرەسلىك

قىلىپ، سالاپەتلىك قىياپەتكە كىرىۋالغان.

گرۇف يۇبېردى بېرىۋىلى: ئۆلكىلىك پارلامېنت ئەزاسى، پېشقەدەم مۆتىۋەر. جەمەتىنىڭ مۇقىم مۇلكىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ھەيۋە قىلىپ سۇر كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئۇرۇش ئاپىتىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش ئۈچۈن قېچىپ چىققان.

كورنېيودې: ھاكىمىيەت سىرتىدىكى ئىنقىلابىي پارتىيىدىن، سىياسەتۋاز. يەنە بىر نامى «دېموكراتچى». ئۇ ھافورغا بېرىپ «دۆلەت ئۈچۈن» تىخىمۇ ياخشى خىزمەت كۆرسىتىپ، يېڭى مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى قۇرماقچى بولىدۇ، ئۇ ئۆزىنى «ئىنقىلابىي پارتىيە» دەپ ئاتىۋالغان ساختا ۋەتەنپەرۋەر.

## ئۇقۇش ئەسكەرتمىسى ۋە مۇھىم نۇقتىلار

«دونداق» — موپاسساننىڭ نامىنى چىقارغان ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى. ھېكايىدە پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، پرۇسسىيە قوشۇنى لىئوننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئون نەپەر فرانسىيىلىكنىڭ بىر ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ قاچقانلىقى، سەپەردىكىلەر مەلۇم بىر كىچىك بازارغا كەلگەندە، شۇ يەرنى ساقلاۋاتقان پرۇسسىيە قوشۇنىنىڭ ئوفىتسېرى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پاھىشە — دونداقنى

ئۆزىگە بىر كىچە ھەمراھ بولۇشقا زورلىغانلىقى، ئۇنىڭ تەلىپى ئورۇندالمىسا، ھەممىسىنىڭ يولغا چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. دونداق ئۆز مىللىتىنىڭ دۈشمىنىگە تېنىنى سېتىشقا قەتئىي ئۇنىمايدۇ، بىراق، ئەڭ ئاخىردا توققۇز نەپەر قېرىندىشىنىڭ قىستىشى ۋە ئازدۇرۇشى بىلەن ماقۇل بولىدۇ.

ئاپتور ئىزا ـ ئاھانەت ئىلكىدە دۈشمەنگە بېقىنغان بىر پاھىشىگە سىلىشتۇرما قىلىپ، ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي مەنپەئەتىگىلا ئېتىبار بېرىپ، مىللەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى بىلەن كارى بولمايدىغان ئاقسۆڭەك ـ بۇرژۇئازلارنىڭ نومۇسسىز ـ شەرمەندىلىكىنى؛ بىر توپ كىشىنىڭ بىرلىكتە قىلغان سەپىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئىشلار ئارقىلىق، فرانسىيىدىكى ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ چەت ئەل ئىشغالىيەتچىلىرى ئالدىدىكى پوزىتسىيىسىنى يۇكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇپ، ئالاھىدە ئۇستىلىق بىلەن سۈرەتلەپ بېرىدۇ. ئەسەردە يارىتىلغان پېرسوناژلارنىڭ ھەربىرىنى تىپ دېيىشكە بولىدۇ، ئۇلار ھەر بىر سىنىپنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن ھەم كۈچلۈك خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ئاپتور بەئەينى سۈرەتتەك تەسۋىرلەش ۋە تەپسىلاتلارنى ئېنىق بايان قىلىش ئارقىلىق پېرسوناژ ياراتقان ۋە بۇ جەھەتتە ئىنتايىن چوڭقۇر ئەجىر سىڭدۈرگەن. ئەسەرنى ئوقۇغان، ئۆگەنگەن ۋاقىتتا،

بۇ بىرىنچىچە جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەرگە دىققەت قىلىش لازىم.

بۇلاردىن باشقا، بەدىئىي ماھارەت جەھەتتە، تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتلەردىن ئۇلگە ئېلىشىمىزغا ۋە ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ: دېتال تاللاش جەھەتتە موپاسسان ئالاھىدە، ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋەقەلەرگە قىزىقمايدۇ. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ ھەممىسىدە كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ۋەقەلەر ياكى كۆرۈنۈشلەر مەزمۇن قىلىنغان، ئۇلار رېئال تۇرمۇشقا ئوخشاش ئاددىي ۋە توغرا بولۇپ، سۈنئىي ئورۇنلاشتۇرۇلغان ياكى توقۇلغان كومېدىيىلىك كۆرۈنۈشلەردىن خالىي، بىر خىل چىن، تەبىئىي بايان سەنئىتى بىلەن تەسۋىرلەش سەنئىتى كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ. تەسۋىرلەش جەھەتتە، موپاسسان ھەتتا ۋەقەلىكنى ھېكايىنىڭ تۈۋرۈكى ۋە لىنىيىسى قىلمايدۇ، ئەگرى ـ توقاي، ئاجايىپ ـ غارايىب ئۇنۇمدىن قاتتىق ساقلىنىدۇ، ئۇ ھامان ئىنتايىن ئىنچىكە، ئىنتايىن يوشۇرۇن، كۆرگىلى بولمىغۇدەك يىپ ئۇچى ئارقىلىق، ئىشەنگىلى بولىدىغان ئۇششاق ئىشلارنى ماھىرلىق بىلەن بىر ـ بىرىگە چېتىپ، قۇرۇلما جەھەتتىن ئۇستىلىق بىلەن ۋە ھېچقانداق ئىزنا قالدۇرماي مۇۋاپىق دەرىجىدە بىرىكتۈرۈپ، مۇھىملىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ ۋە ئومۇمىي ۋەزىيەتنى يېتەكلەيدۇ.

كونكرېت ماھارەت قوللىنىشتا، بۇ ھېكايە يەنە كىچىككى ئارقىلىق چوڭىنى يورۇتۇپ بېرىش ۋە روشەن سېلىشتۇرما قىلىشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

فىلوبېرنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، كۆزىتىشنىڭ ئىنچىكىلىكى «دونداق» نى نادىر ئەسەر قىلغان ئامىللارنىڭ بىرى. ھېكايىدە ھاراق ئىچىش تەپسىلاتى قالتىس تەسۋىرلەنگەن ئىككى جاي بار. ساختا ئىنقىلابىي پارتىيە ئەزاسى كورنېيودې ھاراق ئىچىشكە ئۇستا ئادەم، ئۇنجى قېتىم ئۇنىڭ ھارۋىدا ئاشكارا ھاراق ئىچكىنى تەسۋىرلەنگەن، قەدەھ بىرلا بولغانلىقتىن، ھەممەيلەن قەدەھنى سۈرتۈۋېتىپ، ئۇنى نۆۋەت بىلەن بىر ـ بىرىگە سۇنۇپ ئىچىشكە باشلايدۇ، «پەقەت كورنېيودېلا قەدەھنى سۈرتۈۋەتمەي، ئەتەيلەپ قەدەھنىڭ دونداقنىڭ لېۋى تەگكەن يېرىدىن ئىچتى». بۇ تەپسىلات كورنېيودېدىن ئىبارەت بۇ ساختا ئىنقىلابىي پارتىيە ئەزاسىنىڭ شەرمەندىلەرچە بىمەنە، رەزىل قىياپىتىنى ئىنتايىن جانلىق ھالدا تەلتۆكۈس ئېچىپ بېرىدۇ. كېيىنچە، سەپەرداشلار مېھمانخانىدا تاماق يېگەندە، ئاپتور ئۇنىڭ ھاراق ئىچكەندىكى ھالىتىنى يەنە بىر قېتىم تەسۋىرلەيدۇ، ئۇنىڭ ھاراق ئىچكەن چاغدا بىر بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى قانداق ئاچقانلىقىنى، پىۋىنىڭ قانداق كۆپۈكلەشكەنلىكىنى، پىۋىنىڭ رەڭگىدىن ھۇزۇرلىنىشنى ھەمدە پىۋا كۆپۈكىگە تىكىلىپ قاراپ قىمىر قىلماي ئولتۇرغانلىقىنى

ئالاھىدە تەسۋىرلەش ئارقىلىق، بۇ ھاراقكەشنىڭ ھاراق ئىچىش ئۇسۇلىنى، ھاراق ئىچىپ، كۆڭۈل ئېچىشقا خۇمارلىقىنى، بىكارچى سىنىپلارنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋەتكە بېرىلىدىغان خاراكتېرىنى چوڭقۇر ئىپادىلەپ بېرىدۇ. كورنېيودىنىڭ ھاراق ئىچىش تەپسىلاتى ئۇنىڭ سالاھىيىتىگە، خاراكتېر ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەت ئالاھىدىلىكىگە تامامەن ئۇيغۇن بولۇپ، ئوقۇغاندا بۇ خىل تەسۋىرلەش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋېلىشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇبارەك غاپپار
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرلىرى: ئازات بارات
ئېرجان تۆلەۋ
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: غەيرەت ئابىت
ھەبىبۇللا ئېلى
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر: ياسىن ئۇبۇلقاسىم
تۇرغۇنجان سۇلتان



ISBN 7-80658-921-X
9 787806 589212 >

ISBN 7 - 80658 - 921 - X
باھاسى: 7.50 يۇەن